# دۇئالىرىمنى ئۆگىنىمەن







## دۇئالىرىمنى ئۆگىنىمەن

**مۇئەللىپ:**
رابىئە گۈلجەن

**رەسسام:**
داغىستان چەتىنكايا

**نەشرىيات مەسئۇلى:**
مەھمەت ئەردوغان

**رىياسەتچى:**
دوكتور ئۆمەر مەنەكشە

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:**
تۇرسۇنئاي

**2010 ـ ئەنقەرە**

ISBN-975194059-1

**ئالاقىلىشىش ئادرېسى:**
Eskişehir yolu 9. km.
Çankaya / Ankara
Tel: 0090 3122957293-94
Faks: 0090 3122847288

**تور ئادرېسى:**
www.diyanet.gov.tr

**ئېلخەت ئادرېسى:**
diniyayinlar@diyanet.gov.tr

# تەقدىم

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سۆيۈملۈك باللار، مەرھابا!

بىز ياشاۋاتقان بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىزغا دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلىگەندە دۇئا قىلىدۇ، دەريالار دېڭىزغا قاراپ ئاققاندا دۇئا قىلىدۇ، قۇشلارنىڭ نەغمە ـ ناۋا قىلىپ مۇڭلۇق سايرىشىمۇ بىر خىل دۇئادۇر. ئىنسانلار بۇ ھەيۋەتلىك دۇئا ئۆمىكىگە نېمىشقا قاتناشمىسۇن؟ كېلىڭلار! بىزمۇ ئىشتىراك قىلايلى تەبىئەتنىڭ دۇئاسىغا. ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دېڭىز ـ ئوكيان، دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ دۇئاسىدا بىزنىڭمۇ بىر ئاۋازىمىز بولسۇن. شۈكۈر قىلايلى رەببىمىزگە، بىزگە سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن. ھەمدۇسانا ئېيتايلى ئۇنىڭغا بىزگە گۈزەللىكلەر ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن. دۇئا قىلايلى ئاتا ـ ئانا، قان ـ قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن، ساۋاقداشلىرىمىزغا دۇئا قىلايلى. چوڭلار قوزغىغان ناھەق ئۇرۇشلار تۈپەيلى قىيىنچىلىقتا قالغان باللار ئۈچۈن دۇئا قىلايلى. ۋەتىنىمىز، مىللىتىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلايلى. ئاخشىمى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتىدىغان چاغدا دۇئا قىلايلى. سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرغاندا دۇئا قىلايلى. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلايلى. تەشەككۈر ئېيتايلى، شۈكۈر قىلايلى رەببىمىزگە بىزگە كۆپ نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن.

سۆيۈملۈك باللار!

بىز دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى سىلەر ئۈچۈن دەسلەپتە «دىنىمنى ئۆگىنىمەن»، «پەيغەمبىرىمنى ئۆگىنىمەن»، «كىتابىمنى ئۆگىنىمەن» ناملىق ئۈچ كىتابنى نەشر قىلىپ تارقاتقان ئىدۇق. سىلەرنىڭ بۇ كىتابلارنى ياقتۇرۇپ ئوقىغىنىڭلارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. بۇ كىتابلار باشقا بىر نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان دوستلىرىڭلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ھازىر سىلەرگە قولۇڭلاردىكى بۇ كىتابنى تەقدىم قىلالىغانلىقىمىز ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمىز. بۇ كىتابنىمۇ ئىلگىرىكى كىتابلىرىمىزنى ياقتۇرغىنىڭلاردەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارغا ۋە يېنىڭلاردىن ئايرىمايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمىز. بۇ كىتابتىكى دۇئالارنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىسىلەر. شۇنداقلا قايسى دۇئانى قاچان قەيەردە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالالايسىلەر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئالىرى بىلەن بىرلىكتە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ دۇئالىرىنى ئۆگىنىۋالالايسىلەر. بۇ كىتاب ھەققىدە بىزگە خەت ـ چەك ۋە ئېلخەت ئەۋەتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. سىلەر بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، بىز سىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمىز.

**تۈركىيە باش مىنىستىرلىك دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى**

# دۇئالىرىمنى ئۆگىنىمەن



دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى نەشرىياتى

ئەنقەرە

2010

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب: دۇئالىرىم ئارزۇيۇمدۇر


- بارچە مەۋجۇدات ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ ..... 9
- ئاللاھ دۇئا قىلىشىمىزنى خالايدۇ ..... 11
- ئاللاھ دۇئالىرىمىزنى ئاڭلايدۇ ..... 12
- دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولمىسا ..... 12
- رەببىمىز دۇئالىرىمىزغا جاۋاب بېرىدۇ ..... 13
- خۇشال چاغلىرىمىزدىكى دۇئا ..... 13
- غەم-قايغۇغا پاتقان چېغىمىزدىكى دۇئا ..... 14
- دۇئا سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە يېقىنلىقتۇر ..... 15
- دۇئا ھاياتىمىزغا گۈزەللىكلەر قوشىدۇ ..... 18
- ھەر ۋاقىت ھەر يەردە دۇئا ..... 18
- دۇئانى قانداق قىلىمىز؟ ..... 19
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدا دۇئا ..... 22
- بەددۇئا قىلىشتىن ساقلىنايلى ..... 25

**ئوقۇيلى: مۇنداق بول، مۇنداق سۆزلە ..... 27**


## ئىككىنچى باب: قۇرئانى-كەرىمدىكى دۇئالار ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئالىرى


- قۇرئانى-كەرىمدىكى دۇئا ئۆرنەكلىرى ..... 31
- بىرەر ئىش ياكى سۆزگە باشلاش دۇئاسى: بىسمىللاھ ..... 31
- ئەبەدىيلىككە ئېچىلغان ئىشىك: فاتىھە سۈرىسى ..... 35
- ئايەت ئايەت فاتىھە سۈرىسى ..... 35
- ئەسمائى ھۇسنا بىلەن دۇئا قىلىش ..... 38
- ئەڭ چوڭ دۇئا: ئايەتەل كۇرسى ..... 39
- مىراجتىن كەلگەن ھەدىيە: بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى ..... 40
- رەببەنا دۇئالىرى ..... 41
- دۇئا سۈپىتىدىكى ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى ..... 41
- نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ..... 43
- يولىمىزنى يورۇتقۇچى پەيغەمبەر دۇئالىرى ..... 44

• مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇرئانى-كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان بەزى دۇئالىرى ... 51
• مەشھۇر شەخسلەر، ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ دۇئالىرى ........................................ 53

**ئوقۇيلى: بىسمىللاھ** .............................................. 55


ئۈچىنچى باب: **سەنمۇ دۇئا قىلغىن**


• دۇئا بىلەن رەھمەت ئېيتىش: ئاللاھ رازى بولسۇن ........................................ 59
• ئۇيقىدىن ئويغانغاندا ۋە ئۇخلاش ئۈچۈن ........................................ 60
• يامانلىقلارغا قارشى قالقان بولۇشى ئۈچۈن ........................................ 61
• دۇئالار قورقۇشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ ........................................ 61
• غەم-قايغۇ ۋە قىيىنچىلىقنى يوق قىلىدۇ ........................................ 63
• گۇماننى يوق قىلىش ئۈچۈن ........................................ 64
• شىپا ئۈچۈن ........................................ 64
• تىلەكلىرىم بار ........................................ 65
• بوۋىلىرىمىز، مومىلىرىمىز ۋە ئورۇق-تۇغقانلىرىمىز ئۈچۈن ........................................ 66
• ئۇلار بۇ دۇنيادىن كەتتى، ئەمما قەلبىمىزدىن كەتمىدى ........................................ 66
• ئاتا-ئانىمىز ۋە بىر تۇغقانلىرىمىز ئۈچۈن ........................................ 68
• دوستىمىز جېنىمىزدۇر ........................................ 69
• ئۆيگە كىرگەن ۋە ئۆيدىن چىققان ۋاقتىمىزدا ........................................ 69
• مەكتەپكە بېرىش يولىدىكى ئەڭ سەمىمى دوست ........................................ 70
• ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ........................................ 71
• ئاسانلاشسۇن ........................................ 73
• سەپەردىكى دۇئا ........................................ 73
• يېدۇق، ئىچتۇق، رەببىمىزگە كۆپ شۈكۈر ........................................ 74
• بەرىكەت تىلىگەندە ........................................ 75
• بالا-قازا ۋە پالاكەتلەرگە قارشى دۇئا قىلىمىز ........................................ 75
• پۇشايمان قىلغاندا يەنە قىلىدىغان ئىش بار ........................................ 76
• ساھىبخانىغا ئەڭ ياخشى ھەدىيە ........................................ 76
• خۇشاللىقتا خۇشاللىق قوشىدىغان دۇئالار ........................................ 77
• كۆڭۈلنى ئاچىدىغان، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان دۇئالار ........................................ 77



بىرىنچى باب

# دۇئالىرىم ئارزۇيۇمدۇر

«ئاللاھنىڭ نەزىرىدە
دۇئادىنمۇ بەك
قىممەتلىك نەرسە
يوق.»
(ئىبنى ماجە، «دۇئا»، 1)



## بارچە مەۋجۇدات ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ

يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار ھاۋا، سۇ، توپراق ۋە قۇياشقا موھتاجدۇر. دۇنياغا يېڭى كەلگەن بىر بوۋاق ئانىسىنىڭ سۈتى ۋە شەپقەتلىك قۇچىقىغا موھتاجدۇر. بىر ئۇرۇق ياشىرىپ بىخلىنىشى ئۈچۈن توپراققا موھتاجدۇر. توپراق يامغۇرغا، يامغۇر بولسا بۇلۇتقا موھتاجدۇر. قۇشلار پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇش ئۈچۈن قاناتقا، بېلىقلار ياشاش ئۈچۈن سۇغا موھتاجدۇر. ياشاۋاتقان ھەر بىر مەۋجۇدات ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا مەۋجۇداتنىڭ ياردىمىغا موھتاجدۇر.

ھېچقانداق بىر نەرسىگە موھتاج بولمايدىغان بىردىن-بىر مەۋجۇدات ئاللاھتائالادۇر. چۈنكى ئاللاھ دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ يېگانە ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇ جانلىقلارغا ھايات بەرگۈچىدۇر. ئۇ ھاياتلىق بەرمىسە ھېچ بىر جانلىق ياشىيالمايدۇ. ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ بىر ئىش بولمايدۇ. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ بولسا ھېچ بىر نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر.

پىلانىتلار ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. يۇلتۇزلار ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن نۇر چاچىدۇ. قۇياش ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن چىقىدۇ ۋە پاتىدۇ. ئاي ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن كۆك ئاسماننى زىننەتلەيدۇ.

ئاللاھ ئاسمان-زېمىن، جانلىق، جانسىز جىمى مەۋجۇداتنىڭ رەببىدۇر. ھەر نەپەس ئېلىشىمىز، ھەر قەدەم بېسىشىمىز،

«نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن.»
(ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت)

ئۆگەنگەن ھەر يېڭى بىلىم، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ھەر بىر ئىشىمىز پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن بولىدۇ.

ئۇ شۇ بىپايان دۇنيانى بىز ئۈچۈن گۈزەل قىلدى. بىز نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋانى، ئىچىۋاتقان سۇنى ياراتتى. بىزنى كېچىدە تۈن قاراڭغۇلۇقىدا ئاداشمىسۇن دەپ ئاي ۋە يۇلتۇزنى ياراتتى. يامغۇر ياغسۇن دەپ بۇلۇتنى، سۇ ئېھتىياجىمىزنى ھەل قىلىشى ئۈچۈن دەريالارنى ياراتتى. رەڭگى، تەمى، پۇرىقى خىلمۇ ـ خىل بولغان مېۋە ـ چىۋە، كۆكتاتلارنى، نان يېقىشىمىز ئۈچۈن بۇغداينى، سۈتىنى ئىچىشىمىز، گۆشىنى يېيىشىمىز ئۈچۈن چارۋا ـ ماللارنى ياراتتى. ئۇ «بارلىققا كەل!» دېگەچكە ھەممە نەرسە بار بولدى.

ھەر شەيئى ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ رۇخسەت قىلمىسا قولىمىزغا ئالغان سۇنى ئىچەلەمدىمىز؟ ئۆيدىن چىقىپ مەكتەپكە بارالامدىمىز؟ ئالغان نەپەسنى كەينىدىن يەنە قايتۇرۇپ بېرەلەمدىمىز؟ ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھتائالانىڭ رۇخسىتىسىز قىلالمايمىز.

ئەگەر گەپ قىلىۋاتقان، ئاڭلاۋاتقان ۋە قول ـ پۇتىمىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان بولساق، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن قىلىۋاتىمىز. ھەر جانلىق ئۆزىگە خاس بولغان تىلدا سۆزلىشىدۇ. ئاسمان ـ زېمىندىكى پۈتكۈل جانلىقلار ئۆزىگە خاس تىلدا ئاللاھقا ھەمدۇسانا، تەسبىھ ئېيتىدۇ، شۈكۈر قىلىدۇ ۋە تىلىگىنى ئېيتىدۇ.

قۇشلار ئەتىگەن ئاخشامدا سايرىشىدۇ. ھەرىلەر چېچەكتىن ـ چېچەككە قونىدۇ، چۈمۈلىلەر ئوۋۇسىغا ئوزۇق ـ تۈلۈك توشۇيدۇ. بىر ئورۇق بىخ چىقىرىش ئۈچۈن تۇپراققا كۆمۈلۈپ، سۇ ۋە قۇياش نۇرى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆز تىلىدا: «مېنى ئۆستۈرۈپ شاخ پۇتاق بەرگىنىكى، ئىنسانلار پايدىلانسۇن» دەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ. ھەر بىر جانلىق ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەتكە سۆيۈنىدۇ. ھەممە جانلىق ئۆزىنى بەختلىك قىلغان زاتقا دۇئا قىلىدۇ، تەشەككۈر ئېيتىدۇ. بارلىق ماختاش ۋە مەدھىيەلەر ئۇنىڭغا ئائىتتۇر.



# ئاللاھ دۇئا قىلىشىمىزنى خالايدۇ

قۇياش ھەر كۈنى سەھەردە بىز ئۈچۈن چىقىدۇ. ۋىچىر-ۋىچىر سايرىشىۋاتقان قۇشلار، ھەسەل قۇسىدىغان ھەرىلەر، ئۇچۇۋاتقان كېپىنەكلەر، رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەر، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريالارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

بىزگە سان-ساناقسىز نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھنى ياخشى كۆرىمىز. رەببىمىز بىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. بىزنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە بۇ قەدەر كۆپ نېمەت، ئىززەت-ئىكرام بەردى. بىزگە پۇراش ئۈچۈن بۇرۇن، تۇتۇش ئۈچۈن قول، تېتىش ئۈچۈن تىل، كۆرۈش ئۈچۈن كۆز، ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاق، مېڭىش ئۈچۈن پۇت بەرگەن ۋە بىزنى بىر ئاتا-ئانىدىن ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھقا قانچىلىك دۇئا، تەشەككۈر ئېيتساق ئازلىق قىلىدۇ.

بىزگە بىر دوستىمىز بىر نەرسە ھەدىيە قىلسا، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىشنى ئۇنۇتمايمىز. چۈنكى دوستىمىز بىزنى قەدىرلىدى دەپ ئويلايمىز. ئاتا-ئانىمىزغا بولغان سۆيگۈمىزنى ھەر خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلەشكە تىرىشىمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىزگە سىڭدۈرگەن ئەجرىنى قەتئىي ئۇنۇتمايمىز. ئۇنداقتا، بىزگە سان-ساناقسىز نېمەت ۋە گۈزەللىكلەر ئاتا قىلغان رەببىمىز ئۇلۇغ ئاللاھنى ئۇنۇتساق بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىدا ۋەزىپىمىز يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. تۇنجى ۋەزىپىمىز ئۇنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، سان-ساناقسىز نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆزىگە تەشەككۈر ئېيتىشىمىزنى خالايدۇ.

تەشەككۈر بۇرچىمىزنى پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت ۋە دۇئا قىلىش ئارقىلىقلا ئادا قىلالايمىز. رەببىمىز بەرگەن نېمەتلىرىگە دۇئا ۋە ئىبادەت ئارقىلىق تەشەككۈر ئېيتقۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆزىگە تەشەككۈر ئېيتقۇچىلارغا بېرىدىغان نېمىتىنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ.

«ئاللاھ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر.»

(مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەت)



## ئاللاھ دۇئالىرىمىزنى ئاڭلايدۇ

بىز بارلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۇلۇغ رەببىمىز، چەكسىز مەرھەمەت ۋە شەپقەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ بىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز. بىز تەلەپ-ئارزۇلىرىمىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىمىز، چىن يۈرەكتىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىمىز. ئۇ بىزنىڭ يوشۇرۇن دەردىمىز، ئەڭ مەخپىي سىرلىرىمىز ۋە خىياللىرىمىزنى بىلىدۇ. ئۇ دوست-بۇرادەرلىرىمىزنى ئۇشتۇمتۇت سۆيۈندۈرۈشىمىزنىمۇ بىلىدۇ. ئارزۇ-ئارمانىمىزغا يەتكۈزىدۇ. ئەھۋالىمىزنى كۆرىدۇ ۋە ئاڭلايدۇ.

ئاۋازىمىزنى ھېچكىم ئاڭلىيالمايدىغان يەرلەردىمۇ ئاۋازىمىزنى ئاڭلايدۇ، ھېچكىم كۆرەلمەيدىغان يەرلەردىمۇ ئۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ھېچكىم ياردەم قىلالمايدىغان يەرلەردىمۇ ئۇ بىزگە ياردەم قىلىدۇ.

ئاللاھ ھەر نەرسىنى ئاڭلىغاندەك، بىزنىڭ دۇئالىرىمىزنىمۇ ئاڭلايدۇ. ئۇ بىزگە بەرگەن نېمەتلەر ئۈچۈن قانداق ھەمدۇسانا، تەشەككۈر ئېيتقانلىقىمىزنىمۇ بىلىدۇ. دۇئالىرىمىزنى ئۈنلۈك ياكى مەخپىي يوسۇندا قىلايلى، ئۇ مۇتلەق ئاڭلايدۇ.

«ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، غەيبنى (بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ كۆرۈشى نېمە دېگەن مۆكەممەل! ئاللاھنىڭ ئاڭلىشى نېمە دېگەن مۆكەممەل!»

(كەھف سۈرىسى 26-ئايەت)

## دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولمىسا

دۇئا قىلىش بىزگە، ئىجابەت قىلىش ئاللاھقا ئائىتتۇر. ئاللاھ دۇئالىرىمىزنى ئاڭلاپ، دۇئالارغا مۇتلەق جاۋاب قايتۇرىدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ دۇئاغا جاۋاب قايتۇرۇشى بىز تەلەپ قىلغان ھەر نەرسىنىڭ بېرىلگەنلىكى مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز سەۋرلىك بىلەن دۇئانى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ سەۋەپتىن: «بىر قېتىم تەلەپ قىلدىم، تەلۋىم ئورۇنلانمىدى» دېمەسلىكىمىز كېرەك. دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، رەببىمىز بىزگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى نەتىجىنى ئەڭ ئۇيغۇن بىر ۋاقىتتا بىزگە نېسىپ قىلىدۇ.

چۈنكى بىزگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى بولغان نەتىجىنى، ئېھتىياجىمىزنى رەببىمىز بىزدىن ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ خالىسا



بىزنىڭ دېگىنىمىزنى بېرىدۇ، يەنە خالىسا تەلەپ قىلغىنىمىزدىن ئارتۇقىنى ياكى پەرقلىق بولغىنىنى بېرىدۇ. ئاللاھ خالىسا، تىلىگىنىمىزنى بۇ دۇنيادا بەرمەيدۇ، ئاخىرەتتە، ئەبەدىي ئالەمدە بېرىدۇ. ئاللاھ دۇئالىرىمىزغا مۇتلەق جاۋاب قايتۇرىدۇ.

## رەببىمىز دۇئالىرىمىزغا جاۋاب بېرىدۇ

ئۇ ھەر مەۋجۇداتنىڭ رەببىدۇر، مەرھەمەت ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭ رەھمىتى چەكسىزدۇر. ئاللاھ ئۆزىگە قول ئېچىپ ياردەم تىلىگەن، يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

بىر چۆمۈلىنىڭ ئۇزۇق ئىزدىشىگە، بىر بوۋاقنىڭ يىغىسىغا جاۋاب قايتۇرغۇچى، قورسىقىمىز ئاچقاندا تويدۇرغۇچى، بۇلۇت، دەريالار بىلەن بىزگە سۇ ئەۋەتكۈچى، ئاغرىپ قالغان ۋاقتىمىزدا شىپالىق بەرگۈچى، بىزنى يامانلىقلاردىن ساقلاپ قالغۇچى ئاللاھتۇر.



غەم-قايغۇدىن خالاس قىلغۇچى، كۆڭلىمىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلغۇچى ئاللاھتۇر. بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ۋاقتىمىزدا رەببىمىزگە يۈزلىنىپ، كەچۈرۈم تىلەيمىز. چۈنكى رەببىمىز ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە ئەپۇچاندۇر.

تەلۋىمىز چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئورۇنلاش ئاللاھقا قىلچە تەس كەلمەيدۇ. بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەت ھاياتىدا بولسۇن، رەببىمىز پۈتكۈل تەلەپلىرىمىزنى بىزگە پايدىلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ھەل قىلىدۇ. رەببىمىز دۇئالىرىمىزغا ئىجابەت قىلغاچ، رەھمىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. رەببىمىز ھەر دائىم بىز بىلەن بىللىدۇر. خۇشاللىق ۋە غەم-قايغۇلىرىمىزنى رەببىمىزگە ئېيتىش نەقەدەر بەلەن-ھە!

## خۇشال چاغلىرىمىزدىكى دۇئا

بىر ئىشتىن شادلانغان ۋاقتىمىزدا شادلىق، خۇشاللىقىمىزنى باشقا ئىنسانلارنىڭمۇ بىلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. يۇقىرى سىنىپقا ئاتلىغان ۋە دەرسلەردىن ياخشى نومۇر ئالغان ۋاقتىمىزدا خۇشال بولىمىز. تۇغۇلغان كۈنىمىزدە، ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن ۋە

يىراقتىن كەلگەن بىر يېقىنىمىز بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا خۇشال بولىمىز. خۇشاللىقىمىزغا باشقىلارنىمۇ شېرىك قىلىشنى خالايمىز. بۇنداق چاغلاردا بۇ خۇشاللىق چاغلىرىمىزنى بىزگە ئاتا قىلغان ئاللاھنى ئۇنۇتمىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىمىز لازىم. خۇشال ۋاقتىمىزدا دۇئا قىلغانلىق ئاللاھقا بولغان ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق ھېس-تۇيغۇمىزنى ئىپادىلىگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلساق ئاللاھ بىزدىن رازى بولىدۇ.

مەسىلەن: بىز ياكى بىرەر يېقىنىمىز كېسەللىك ياكى مەلۇم بىر بالا-قازادىن قۇتۇلغاندا شادلىنىمىز. بىزنى قوغدىغانلىقى، بىزگە سالامەتلىك بەرگەنلىكى ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىمىز. يۇقىرى سىنىپقا ئاتلىغان ۋاقتىمىزدا بىزگە بۇ مۇۋەپپەقىيەت ۋە خۇشاللىقنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىمىز.

خۇشال بولغان ھەر ئىشتا ئاللاھقا شۈكۈر مەنىسىدە ئېيتىلغان ھەر سۆز دۇئادۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، دۇئالىرىمىزنى پەقەتلا ئۆزىمىز كېسەل بولغان، يېقىنلىرىمىز تۈگەپ كەتكەن ياكى كۆڭلىمىز يېرىم بولغان ۋاقىتلاردا ئەمەس، ياخشى، گۈزەل ۋە خۇشال بولغان چاغلىرىمىزدىمۇ قىلىشىمىز كېرەك. بىز قېيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەندە دۇئا قىلىش ئارقىلىق قانداق سەۋر قىلغان بولساق، قولىمىزدىكى نېمەت ۋە گۈزەللىكلەرنىڭ داۋاملىششى ئۈچۈنمۇ يەنە دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.

## غەم-قايغۇغا پاتقان چېغىمىزدىكى دۇئا

ئىنسان ھەر زامان بىر خىل كەيپىياتتا بولمايدۇ. بەزىدە خۇشال، بەزىدە غەم-ئەندىشە ئىچىدە بىئارام بولىدۇ. بەزى ئىشلارغا پەقەت ئامال يوقلۇقىنى ئويلاپ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ئاغرىپ قالغاندا ياكى بىرەر يېقىنى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۆزىنى بىچارە ۋە يالغۇز ھېس قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا دۇئا قىلىش ئادەمگە كۈچ-قۇۋۋەت، ئۈمىد ۋە ھۇزۇر بېغىشلاپ، سەۋرچان ۋە ئۈمىدۋار بولۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى دۇئا قىلغان

«ئاللاھ دۇئالىرىڭلارنى ئىجابەت قىلىدۇ. ئەمما دەرھال ئىجابەت قىلسۇن دەپ ئالدىرىماڭلار. دۇئا قىلسام، ئىجابەت بولمىدى دېمەڭلار.»
(تىرمىزى، «دەئاۋات»، 12)



كىشى ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ياردەم قىلدۇرغانلىقىنى بىلىدۇ-دە، غەم-ئەندىشە ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا سېغىنىدۇ. دەردىنى ئاللاھقا ئېيتىپ يېنىكلەپ راھەتلىنىدۇ. ئۆزىدە خاتىرجەملىك ۋە قىيىنچىلىقلاردىن ھالقىپ ئۆتكۈدەك كۈچ-قۇۋۋەت پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن: بىر دەرستىن تۆۋەن نومۇر ئالغان چېغىدا دەرھال ئۈمىدسىز بولماي، دەرسلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىدىغان، تاپشۇرۇقلىرىنى ۋاقتىدا ئىشلەيدىغان، ئاندىن: «ئاللاھىم، دەرسلىرىمنى ئاسانلاشتۇرغىن، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلىدىغان بولىدۇ. ئاغرىپ قالغاندا دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىپ: «ئاللاھىم، تېنىمنى سالامەت قىلغىن!» دەپ تىلەيدۇ. پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلارنىڭمۇ قىيىنچىلىق ۋە غەم-غۇسسىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ.

## دۇئا سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە يېقىنلىقتۇر

ئاللاھ ئۆزى ياراتقان بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياخشى كۆرىدۇ. مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئىنسانىنىڭ ئالاھىدە بىر ئورنى بار. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانغا باشقا مەخلۇقاتلاردا بولمىغان ئەقىل ۋە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى بەرگەن. كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ئىنسانغا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن سۇنغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىنساننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قەدىر-قىممەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىزگە ياخشى بولسۇن دەپ ئويلايدىغان بىر ئادەمنى بىزمۇ ياخشى كۆرىمىز. ئۆزىمىزنى ئۇنىڭغا يېقىن ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتى مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ مۇھەببەتنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، سۆز-ھەرىكىتىمىزدە ئىپادىلەيمىز. بۇنداق ئىپادىلىشىمىز مۇھەببەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇ كىشى بىلەن بىزنى تېخىمۇ يېقىن قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بىزنى ياخشى كۆرگەن، ئەتراپىمىزدىكى گۈزەللىكلەرنى يارىتىپ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە بەرگەن ئاللاھقا

«ئاللاھ ھەققەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ھەققەتەن پەيغەمبەرگە مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار.»
(ئەھزاب سۈرىسى 56-ئايەت)





«ئاللاھنىڭ دۇئايىڭلارنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا دۇئا قىلىڭلار.»

(تىرمىزى، «دەئاۋات»، 66)



مۇھەببەت بىلەن باغلىنىمىز، ئۇنىڭ سۆيگۈسى ۋە يېقىنلىقىغا دۇئا بىلەن جاۋاب قايتۇرىمىز. دۇئالىرىمىزدا ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىمىزنى تىلغا ئالىمىز. ئوي-پىكىر ۋە خىياللىرىمىزنى ھەممىگە قادىر ئاللاھقا يوللاپ، ئارزۇ-تىلەكلىرىمىزنى ئېيتىپ ياردەم تىلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە يېقىنلىق كۈچىيىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ھەمىشە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بىر ئادەم ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغانسىرى سۆيگۈ، ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلىدۇ. دۇئا قىلغانسىرى ئىچى راھەتلەپ، ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلىدۇ، غەم-ئەندىشىسى ئازىيىدۇ.

دۇئا قىلىش پەقەت ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئىنسانلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىمۇ يېقىنلىق ۋە مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى دۇئا قىلغۇچى ئادەم ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن ياخشىلىق تىلەيدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا ماھىيىتىدىكى سۆزلەرنى ئېيتىپ، ياخشى ئارزۇ-تىلەكلەرنى بىلدۈرىمىز. مەسىلەن: بىزگە ياخشىلىق قىلغۇچىغا رەھمەت، تەشەككۈر ئېيتىمىز. سەپەرگە چىقىدىغانلارغا: «ئاللاھقا ئامانەت، ئاق يول بولسۇن!» دەيمىز. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، تاماق ئەتكەنلەرگە: «ئاللاھ قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن، داستىخانغا بەرىكەت بەرسۇن!» دەپ دۇئا قىلىمىز. ئاغرىپ قالغانلارغا: «ئاللاھ شىپالىق بەرسۇن!» دەيمىز. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز، يېقىنلىرىمىز ۋاپات بولسا: «مەرھۇمنىڭ ماكانى جەننەت بولسۇن!» دەيمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئارزۇ-تىلەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇئالاردۇر. بۇلارنى سۆزلەش ئارقىلىق دۇئا قىلىش پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقا ئىنسانلارنىڭمۇ سالامەت ۋە خۇشال بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش كىشىلەر بىلەن ئارىمىزدا سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە يېقىنلىق پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ياخشى تىلەكلەردە بولۇشىنى ياقتۇرىدۇ.

## دۇئا ھاياتىمىزغا گۈزەللىكلەر قوشىدۇ

بىز دۇئا بىلەن دۇنياغا كەلدۇق. قۇلىقىمىزغا ئەزان ئوقۇلغاندىن كېيىن چوڭلىرىمىز بىزنى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ياراملىق، ياخشى ئەۋلاد بولسۇن دەپ دۇئا قىلدى. دۇئا بىلەن ماڭدۇق. دۇئا بىلەن بىللە مەكتەپ يېشىغا كەلدۇق. ئاتا-ئانىمىز: «بالام، ئۇلۇغ ئاللاھ سېنى دەرستە ئەلاچى بولغىلى نېسىپ قىلسۇن!» دەپ دۇئا قىلغاچ مەكتەپكە يولغا سالدى. دۇئا بىلەن بىللە مەكتەپ ھاياتىنى باشلىدۇق.

دادىمىز دۇئا بىلەن ئىشقا كېتىدۇ. بىز يېگەن ناننىڭ بۇغدىيىمۇ تېرىلغان چاغدا دۇئا بىلەن يەرگە چۈشكەن. باغلىرىمىز دۇئا بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئانىمىز ئەڭ مەززىلىك تائاملارنى دۇئا قىلغاچ پىشۇرغان. داستىخىنىمىز دۇئا بىلەن ئېچىلىپ، يەنە دۇئا بىلەن يىغىشتۇرۇلىدۇ. تويى بولغان ئاچىمىزنى دۇئا بىلەن ئۆيدىن ئۇزىتىمىز. كېسەللەرنى يوقلاپ بارغان چېغىمىزدىمۇ ئۇلارنىڭ شىپالىقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز. دۇئا بىلەن سەپەرگە چىقىمىز. دۇئا بىلەن ئاكىلىرىمىزنى ئەسكەرلىككە يولغا سالىمىز. ۋاپات بولغانلارنى دۇئا بىلەن ئاخىرەتكە ئۇزىتىمىز. بىزلەر دۇئا بىلەن تۇغۇلۇپ، دۇئا بىلەن چوڭ بولۇپ، يەنە دۇئا بىلەن ياراتقۇچىنىڭ دەرگاھىغا كېتىمىز. قىسقىسى، بىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتى دۇئا دېگەنلىكتۇر.



## ھەر ۋاقىت ھەر يەردە دۇئا

ئىنسانلار ئەلۋەتتە ھەر يەردە، ھەر قانداق شارائىتتا، ئۆزى خالىغان ھەر قانداق نەرسە ئۈچۈن رەببىمىز ئاللاھقا دۇئا قىلالايدۇ. چۈنكى دۇئا ئاللاھنى ئەسلەش، قەيەردە بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھنىڭ بىزگە ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقتۇر.

دۇئا قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر يەر شەرت ئەمەس. مەكتەپكە ماڭغاچ، ئۆيگە قايتقاچ، ئاخشىمى ياتقاچ، ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن

تۇرغاچ، ئولتۇرغاچ، دەرس تەكرارلىغاچ، بازاردا ماڭغاچ، ۋەلىسپىتكە مىنگەچ، ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە دۇئا قىلساق بولىۋېرىدۇ.

تېنىمىزنىڭ سالامەت بولۇشى، تۇرمۇشىمىزدا بەختلىك بولۇش ئۈچۈن، ساۋاقداشلىرىمىز ۋە مۇئەللىملىرىمىزنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت دۇئا قىلساق بولىدۇ. ئۇلۇغ رابىمىزگە يالۋۇرۇش ئۈچۈن مۇقىم بىر ۋاقىت يوقتۇر. بىر كۈن يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدىكى ھەر مىنۇتتا دۇئا قىلساق بولىۋېرىدۇ. لېكىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئەڭ مەقبۇل دۇئا يالغۇز ئولتۇرۇپ قىلغان دۇئايىمىزدۇر. كېچە ۋاقتى دۇئا ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىتلاردىن بىرىدۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزدىن بىلىشىمىزچە، ئۇلۇغ ئاللاھ كېچە دۇئا قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، تىلىگىنىنى بېرىدۇ. مەغفىرەت (كەچۈرۈم) تىلىگەنلەرنى مەغفىرەت (ئەپۇ) قىلىدۇ. ئۇنداقتا بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋسىيىسىگە ئەمەل قىلىپ، كېچە ۋاقتى تېخىمۇ كۆپ دۇئا قىلايلى. بولۇپمۇ جۈمە كۈنى ۋە تۈنەك كېچىلىرى چىن دىلىمىزدىن قىلغان دۇئالىرىمىز مەقبۇل بولىدىغان ياخشى پۇرسەتلەردۇر. بۇ كېچىلەردە چوڭلار بىلەن بىللە دۇئا قىلساق، ھەممەيلەن بىرلىكتە جامىگە بېرىپ، جامائەتنىڭ ئۇ گۈزەل دۇئالىرىغا ئىشتىراك قىلساق بولىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ جامائەت بولۇپ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە چىن دىلىدىن قىلغان دۇئالىرىنى ياخشى كۆرىدۇ.



## دۇئانى قانداق قىلىمىز؟

دۇئانى پەقەتلا يالغۇز ئاللاھقا قىلىمىز. كىشى دۇئا ئارقىلىق ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئاللاھقا يوللايدۇ. ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى، كۆڭلىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ.

دۇئا قىلىش بەك ئاساندۇر. ئىبادەتلەردە بولغىنىدەك، دۇئانى باشلاش ئۈچۈن بەك كۆپ قائىدە يوق. لېكىن دۇئادىن ئىلگىرى بەزى تەييارلىقلارنى قىلىش كېرەك. ئالدى بىلەن ئوي-خىياللىرىمىز، ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى دۇئا ئۈچۈن ھازىرلىشىمىز كېرەك. دىلىمىز باشقا، تىلىمىز يەنە باشقا بىر يەردە بولماسلىقى

كېرەك. نېمە دەۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭقىرالىشىمىز، نېمە دەپ دۇئا قىلغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز لازىم.

دۇئالىرىمىزنىڭ مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن دۇئادىن ئىلگىرى بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلساق بولىدۇ. ئاتا-ئانىمىزغا، ئەل-ئاغىينە، دوست-بورادەرلىرىمىزگە، خولۇم-خوشنىلىرىمىزغا ياخشىلىق قىلساق، ھايۋانلارغا يەم بەرسەك، ئۆسۈملۈكلەرنى پەرۋىش قىلساق بولىدۇ. دۇئادىن ئىلگىرى تاھارەت ئالساق تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

دۇئالىرىمىزدا بىر قانچە نوقتىغا دىققەت قىلساق، دۇئالىرىمىزغا ھۆسۈن قوشقان بولىمىز. دۇئانى باشلاشتىن ئىلگىرى ئىككى كىچىك جۈملىنى ئېيتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ بىرى ئاللاھقا ھەمدۇسانا، يەنە بىرى پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇد ئوقۇشتۇر. ھەمدۇسانا دېگىنىمىز ئۇلۇغ ئاللاھنى مەدھىيىلەش، ماختاشتۇر. دۇئايىمىزنى ئۇلۇغ ئاللاھنى مەدھىيىلەش بىلەن باشلىشىمىز كېرەك. مەدھىيە ۋە شۈكۈرگە لايىق بولغۇچى ئاللاھتۇر. چۈنكى كائىناتتىكى بارلىق گۈزەللىكلەر ئۇنىڭ يارىتىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. پۈتكۈل نېمەتلەرنى بەرگۈچى، ھەممەيلەننى ياراتقۇچى، ياشاتقۇچى ۋە رىزىقلاندۇرغۇچى ئاللاھتۇر. جىمى ھەمدۇسانا، ماختاش، مەدھىيە، تەشەككۈر ئۇنىڭغا ئائىتتۇر. ھەمدۇسانانى: «ئۇلۇغ ئاللاھىم! ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن» دەپ ئېيتساق بولغىنىدەك، ھەر ۋاخ نامىزىمىزدا ئوقۇيدىغان فاتىھە سۈرىسىنىڭ باشتىكى ئايەتلىرىنى ئوقۇساقمۇ بولىدۇ: «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىين». بۇنى دەپ بولغاندىن كېيىن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلىشنىمۇ ئونۇتماسلىقىمىز كېرەك. پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن قىلىنغان دۇئا «دۇرۇد» دەپ ئاتىلىدۇ. دۇرۇد جۈملىسى مۇنداق: «ئاللاھۇممە سەللى ئالا مۇھەممەد ۋە ئالا ئالى مۇھەممەد». بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى: «ئاللاھىم، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرى ۋە يېقىنلىرىغا رەھمەت قىلغىن!» دېگەنلىكتۇر. يەنە بۇ جۈملىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى دۇرۇد ئۈچۈن سۆزلىسەكمۇ بولىدۇ.



دۇئالىرىمىزنى ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇد ئېيتىش بىلەن باشلاش دۇئانىڭ مەقبۇل بولۇشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنىڭ بۇ شەكىلدە دۇئا قىلىشىمىزنى ياقتۇرىدۇ. چۈنكى رەببىمىز سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. بىزمۇ ئۇنى جېنىمىزدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىمىز. يىراقتىكى ئامراق دوستىمىزنىڭ سالامىنى بىرەيلەن بىزگە ئېلىپ كەلسە، قانچىلىك خۇشال بولارمىز-ھە! دۇئادا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇلاردىن كېيىن مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئانى-كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ياكى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز قىلغان ئۆرنەك دۇئالارنى تاللاپ ئوقۇساق بولىدۇ. بۇندىن باشقا كۆڭلىمىزگە كەلگىنىدەك خالىغانچە دۇئا قىلساقمۇ بولىدۇ.



دۇئا ئۈچۈن ئاتايىن قولىمىزنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئېچىشىمىز شەرت ئەمەس. لېكىن دۇئادا قولنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئېچىش بىر تىلەك ۋە يالۋۇرۇشنىڭ ئىپادىسىدۇر. دۇئادا مۇھىم بولغىنى رىياكارلىقتىن ئۇزاق بولغان ھالدا چىن دىلىدىن دۇئا قىلىش، پەقەتلا ئاللاھتىن (تاما قىلىش) تىلەشتۇر. دۇئالىرىمىزنى چىن كۆڭلىمىزدىن قىلايلى. دۇئا جۈملىلىرىمىز ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك بولسۇن. ئۇلۇغ ئاللاھ چىن يۈرىكىمىزدىن قىلغان دۇئالىرىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىجابەت قىلىدۇ. رەببىمىز سۆزلەرگە ئەمەس، بەندىنىڭ قەلبىدىكى ھاياجانغا، سۆزلەردىكى ئىخلاسقا قارايدۇ. دۇئالارنى ئۈنلۈك ئاۋازدا قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۇلۇغ ئاللاھ كۆڭلىمىزدىكى ھەر قانداق ئىشنى بىلىدۇ. ئۆزىمىز ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋازدا دۇئا قىلساق بولىدۇ.

دۇئا قىلغاندا رەببىمىزدىن ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى تىلەيلى. چوڭلاردىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلغاندا ئەدەب-قائىدىگە قانچىلىك رىئايە قىلغان بولساق، ئۇلۇغ ئاللاھتىن بىرەر نەرسە تىلىگەندە ئەدەب-قائىدىگە تېخىمۇ بەك رىئايە قىلىشىمىز كېرەك. سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن تولغان سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭدىن ھاجىتىمىزنى راۋا قىلىشنى ئۆتۈنەيلى.

بۇ ئەسنادا دۇنيالىق نەرسىلەرنى تىلەش بىلەن بىرگە ئاخىرەت بەخت-سائادىتىنى رەببىمىزدىن تىلەشنى ئۇنتۇپ قالمايلى. چۈنكى ئاخىرەت بىزنىڭ ئەبەدىي يۇرتىمىزدۇر. ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەت بىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدۇر. يەنە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكلەرنى يالغۇز ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈنمۇ تىلەيلى.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدا دۇئا

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدا دۇئا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئورۇن تۇتقان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز دۇئا قىلىشنى، ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىنىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ھەر قانداق ئىشنى دۇئا بىلەن باشلايتتى. مۇسۇلمانلارغا كۆپ دۇئا قىلىشنى، دۇئاسىز بىرەر ئىشقا باشلىماسلىقنى جېكىلىگەن ئىدى.



ئۇ پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا دۇئا قىلمايتتى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتمەنلەردىن بولۇشى ئۈچۈن بولۇپمۇ نامازدىن كېيىن ئالاھىدە دۇئا قىلاتتى. ئەڭ قىممەتلىك دۇئالارنىڭ «مۆمىنلەرنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرى ئۈچۈن قىلىشقان» دۇئالىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. بىزمۇ ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز كۈندىلىك ھاياتىدا شۇ يەرلەردە دۇئا قىلاتتى:

پەيغەمبىرىمىز ئۆيىدىن ۋە مەسجىدتىن چىقىۋاتقاندا ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكلەرگە يولۇقۇش ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. يەنە بۇ يەرلەرگە كىرگەندىمۇ ئوخشاش دۇئانى قىلاتتى.

ئايالى ۋە بالىلىرىغا دۇئا قىلىشنى قەتئىي ئۇنۇتمايتتى. ئۇلارنى ئۇلۇغ ئاللاھقا ئامانەت قىلاتتى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە بىخەتەر بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە ئائىلىسىدىكىلەرنى ساق-سالامەت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە كۆرۈش ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىناتتى.

يەنە بىرەر يېقىنى ياكى دوستى ئۇزۇن سەپەرگە چىقماقچى بولسا، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قوياتتى. بىرەر ئىشنى باشلىغاندا ئىشنىڭ ئاسان بولۇشى، بۇ ئىشتا قىيىنچىلىقلارنىڭ چىقماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. دوستلىرى بىلەن يىغىلىپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا سۆھبەت، پاراڭنىڭ ئەھمىيەتلىك، پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇراتتى. يىغىلىش ياكى سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا بىلىپ بىلمەي قىلىپ سالغان سەۋەنلىكلەرگە تەۋبە قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى مەغفىرەت (ئەپۇ) قىلىشنى تىلەيتتى.



نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا بارغاندا تىجارەتچى دۇكاندارلارنىڭ سودىسىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى، تىجارەتتە پايدا تېپىشى ئۈچۈن ئۇلارغا خەيرلىك دۇئا قىلاتتى. ئۇ بالىلارنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئاتا-ئانىلار يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىنى تۇغۇلۇشى بىلەنلا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئا قىلىشى ئۈچۈن ئېلىپ كېلەتتى. پەيغەمبىرىمىز بالىلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيەتتى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ۋە ياخشى ئادەم بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى.

ئۇ مۇسۇلمانلاردىن غەم-قايغۇدا قالغان ياكى ئاغرىپ قالغانلارنى يوقلايتتى. سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن دۇئا قىلىشنى ئەسلا ئۇنۇتمايتتى. بولۇپمۇ تاماقنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئاچلىقتىن ئاللاھقا سېغىناتتى.

ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان چېغىدا دۇئا قىلىشنى ئۇنۇتمايتتى. ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىنىپ، ياخشى ھالەتتە ئويغىنىش ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. سەھەردە ساق-سالامەت، تېمەن ھالدا ئورنىدىن تۇرالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتاتتى.

يامغۇر ياغمىغان چاغلاردا بولسا مەملىكەت تۇپراقلىرىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى، چارۋا-مال ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ئاچ-سۇسىز



قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. يەر تەۋرەش ۋە كەلكۈن ئاپىتىدىن، ھەر خىل بالا ـ قازا، پالاكەتلەردىن، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئۇلۇغ ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيتتى.

بىزگە دۇئا قىلىشنى پەيغەمبىرىمىز ئۆگەتتى. بىزمۇ ئۇنىڭ ئۆگەتكەنلىكىنى بويىچە دۇئا قىلىمىز.

## بەددۇئا قىلىشتىن ساقلىنايلى

ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلام بىرەر كىشى ھەققىدە يامان خىيالدا بولۇشنى قەتئىي راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ «ئاللاھ جاجاڭنى بەرسۇن، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغايسەن، ئاللاھ كۆزۈڭنى قارىغۇ قىلىۋەتسۇن» دېگەندەك سەلبىي دۇئالارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۆزىمىز ئامراق كىشىلىرىمىز ئۈچۈن ياخشىلىق تىلىگىنىمىزدەك، ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ياخشىلىق تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنى ئۇنۇتمايلىكى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر رەھمەت پەيغەمبىرىدۇر.



دۇئا توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىزنى ئۆرنەك قىلايلى. پەيغەمبىرىمىز مەككىدىكى چاغدا ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن تائىفقا بارغان چېغىدا ئۇ يەردە ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىغان. قايتىش يولىدا يامغۇردەك ئېتىلغان تاش زەربىسى بىلەن مۇبارەك ئاياقلىرى قان ئىچىدە قالغان ئىدى. بۇ پەيتتە ئۇنىڭغا: «تائىف خەلقى ھەققىدە بەددۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىنىدىغانلىقى، خالىسا ئۇلارنىڭ يوق قىلىنىدىغانلىقى» بىلدۈرۈلگەن. لېكىن پەيغەمبىرىمىز: «ياق! بەلكىم ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان باللار تۇغۇلۇشى مۇمكىن، ئاللاھىم!» دېگەن. ئوھۇدتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ چىشىنى سۇندۇرغان، يۈزىنى يارىلاندۇرغان دۈشمەنلىرى ئۈچۈن: «ئاللاھىم! خەلقىمنى ھىدايەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى ئۆرنەك قىلىپ ئىش قىلغان چېغىمىزدا ھەمىشە ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تىلىگەن بولىمىز. باشقا بىر كىشى بىزگە يامانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ياخشى بىر ئادەم

بولۇشى ۋە يامانلىقتىن قول ئۈزۈشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز. ئەڭ قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئاغزىمىزدىن بىرەر جۈملە ناچار سۆز چىقمايدۇ. ناچار كىشىلەرنى ئۇلۇغ ئاللاھقا ھاۋالە قىلىمىز. ئۇلارنى ئاللاھ بىر تەرەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ياخشى كىشىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ. ئەسكى قىلمىشقا پۇشايمان قىلمىغان، تەۋبە قىلمىغان، ناچار ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەنلەرنى جازالايدۇ.

شۇڭا ناچار كىشلەرنىڭ ياخشى كىشلەردىن بولۇشى، يامان قىلمىشلاردىن ئۈزاقلىششى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى. قوللىرىمىزنى ئۇلۇغ ئاللاھقا ئاچايلى، دۇنيادا ناچار ئىنسانلار ۋە يامان ئىشلارنىڭ كۆپەيمەسلىكى ئۈچۈن ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى. ئۇلۇغ ئاللاھتىن تىنچلىق ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن تولغان بىر دۇنيا ئىستەيلى.





### ئوقۇيلى...

## مۇنداق بول، مۇنداق سۆزلە



ئاۋۋال بىسمىللاھ،
ئەڭ گۈزەل كەلىمە.
ئاللاھىم!
يول بويى
چىڭ تۇت قولۇمنى،
يىقىلىمەن بولمىسا.
ئاللاھىم!
نېمىشقا ياراتقان بولساڭ مېنى،
قەلبىمگە ئېيت ئوبدانلا،
تۇسالغۇلار توسمىسۇن يولۇمنى.
ئاللاھىم!
قانداق گۈزەل بولغان بولسا،
ياخشى كۆرگەن شۇ بەندىلىرىڭ،
ئاشۇنداقلاردەك قىلغىن مېنى.
ئاللاھىم!
ئۇ گۈزەللەر گۈزىلى،
قانداق ياخشىلىق تىلىگەن بولسا سەندىن،
مەنمۇ تىلەيمەن شۇنى.
ئاللاھىم!
پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،
قايسى يامانلىقلاردىن پاناھ تىلىگەن بولسا،
شۇ يامانلىقلاردىن ئۇزاق تۇت مېنى.
ئاللاھىم!
يول بويى،
ھەر زامان، تارىخىمىزدا،
ئىگىسىز تاشلىۋەتمە بىزنى.

ـ جاھىت زارىفئوغلۇ



## سەن بىلسەن

پىسىرلاشقان ئاۋازلارنى،
يۈرەكتىكى ھەۋەسلەرنى،
ئەڭ ئاجىزنى نەپەسلەرنى،
سەن بىلسەن ئاللاھىم.

ئاسماندىكى گۈلدۈرلەشنى،
سۇلاردىكى شاقىراشنى،
دۇئادىكى پىچىرلاشنى،
سەن بىلسەن ئاللاھىم.

ھەربىلەر نىمە دىسە،
قۇشلار نەغمە ئەيلىسە،
بىر بالا «ئاللاھ» دىسە،
سەن بىلسەن ئاللاھىم.

**ـ م. ياشار كاندەمىر**





«ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن).»

(مۆمىن سۈرىسى 60 ـ ئايەت)



ئىككىنچى باپ

# قۇرئانى ـ كەرىمدىكى دۇئالار ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئالىرى

## قۇرئانى ـ كەرىمدىكى دۇئا ئۈرنەكلىرى

ئۇلۇغ رەببىمىز قۇرئانى ـ كەرىمدە بىزگە قانداق دۇئا قىلىشنى كۆرسەتكەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ، سالىھ بەندىلەرنىڭ، زۇلۇمغا ئۇچرىغان مەزلۇملارنىڭ دۇئالىرىدىن ئۈرنەكلەر بەرگەن.

قۇرئانى ـ كەرىمدىكى 1 ـ سۈرە فاتىھە سۈرىسى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە بەك گۈزەل بىر دۇئادۇر. باشقا سۈرىلەردىمۇ دۇئالار بار. رەببىمىز بۇ ئايەتلەردە پەقەتلا ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغان.

## بىرەر ئىش ياكى سۆزگە باشلاش دۇئاسى: بىسمىللاھ

بىز ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىمىز. بىزگە چەكسىز نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھنى ياخشى كۆرىمىز. ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە ئىتائىتىمىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەر ئىشىمىزنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، يەنى بىسمىللاھ دېگەچ باشلايمىز.

بىسمىللاھ دېگەنلىك: «بىسمىللاھىررەھمانىرراھىيىم» سۆزىنى ئېيتىش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ مەنىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە

«دۇئا ئىبادەتنىڭ مېغىزىدۇر.»
(تىرمىزى، «دۇئا»، 1)



مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن». «بىسمىللاھ» دېگەن سۆز بۇنىڭ قىسقارتىلىشى بولۇپ، مەنىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەنلىكتۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىسمىللاھ دېمەي باشلانغان ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز، يېپىلگەن تائاملارنىڭ بەرىكەتسىز بولىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدى. بۇ سەۋەپتىن كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىرىمىزنى باشلىغاندا بىسمىللاھ دەيمىز. مەسىلەن: دۇكان ئاچقاندا، دەرس تەكرارلىغاندا، تاماق يېيىشنى باشلىغاندا، ياتقاندا، ئورنىمىزدىن تۇرغاندا بىسمىللاھ دەيمىز. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىلغان بولىمىز:

«ئاللاھىم! كائىناتتىكى جانلىق، جانسىز ھەر مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى، رىزىقلاندۇرغۇچى، پەرۋىش قىلغۇچى، ياشاتقۇچى، كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن. مېنى ياراتقۇچى ۋە ياشاتقۇچىسەن. ماڭا ئەقىل ۋە قۇۋۋەت بەرگۈچىسەن. لېكىن مېنىڭ ھەممە ئىشقا كۈچۈم يەتمەيدۇ. سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكىر قىلىش ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا مەن ئىشلىرىمنى باشلىغاندا سېنىڭ ئىسمىڭنى تىلغا ئالىمەن. ماڭا ياردەم قىلغىن. سەن ھەممىگە قادىرسەن.»

بىسمىللاھ ھەر قانداق بىر ئىشكنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئوخشاش ھەر ئىشنىڭ بېشىدا ئۇ ئىشقا تەسىر قىلىدۇ، ئاسانلىق ۋە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىر ئىشنى باشلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ باشلىساق، ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلىپ، ئىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بىسمىللاھ دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنى زىكىر قىلغان، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىمىزنى، ئۇنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىمىزنى كۆرسەتكەن بولىمىز. چۈنكى بىلىمىزكى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملىيالمايمىز. بىسمىللاھ دېيىش بىلەن ئاللاھقا بولغان ئىمانىمىزنى، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمىزنى يېڭىلاپ، ھەمىشە ئاللاھنىڭ بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

ھەر كۈنى ئەتىگەن بىز ئۈچۈن يېڭى بىر كۈن باشلىنىدۇ. بۇ يېڭى كۈندە سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرغاندا بىزنى يېڭى بىر كۈندە ئويغاتقان رەببىمىزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالساق، بۇ خۇددى كۆلگە ئېتىلغان بىر كىچىك تاشنىڭ سۇ يۈزىدە چەمبەرسىمان دولقۇن پەيدا قىلىپ، ئەتراپقا تەكشى يېيىلغىنىغا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتۈن كۈنىمىزگە گۈزەللىك، ھۇزۇر ئېلىپ كېلىدۇ. بىسمىللاھ دېيىش شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا: «ئاللاھىم! سەن ياراتقان يېڭى بىر كۈندە ئىشلىرىمنى سەن بەرگەن كۈچ بىلەن باشلايمەن. بۇ يېڭى كۈنۈم باشلانغاندا سېنىڭ ئىسمىڭنى زىكىر قىلىمەن، ساڭا يۈزلىنىمەن ۋە سەندىن ياردەم تىلەيمەن. مېنى يامانلىقلاردىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، ياخشىلىق نېسىپ قىلغىن، پۈتۈن كۈنۈم گۈزەللىكلەر بىلەن تولسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندا بىسمىللاھ دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسا ۋە ئاللاھقا ئىشەندىم، يامانلىقلاردىن ساقلىغۇچى ۋە ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرگۈچى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاللاھتىن كېلىدۇ دېسە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ: توغرا يولغا بۇرۇلدۇڭ، ئېھتىياجلىرىڭ ھەل قىلىندى، يامانلىقلاردىن ساقلاندىڭ.» (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 103)

داستىخاندا ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدىمۇ بىسمىللاھنى ئۇنۇتمايمىز. چۈنكى داستىخاندا ئاللاھ بىزگە بەرگەن ھەر تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەرنى كۆرىمىز. يېيىشنى باشلىغاندا بىسمىللاھ دېگىنىمىزدە داستىخىنىمىزدىكى ھەر بىر تائام، لوقما ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتقان بولىمىز. نېمەتلەرنى بەرگۈچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمىزنى ۋە سۆيگۈمىزنى بىلدۈرىمىز. شۈكۈر قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن كۆڭلىمىز ھۇزۇر بىلەن تولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ قۇرئانى ـ كەرىمدە: **«مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار»** دېگەن. (بەقەرە سۈرىسى 152 ـ ئايەت)

ھەر كۈن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلانسا، شۇ كۈن ئىچىدىكى ھەر ئىش ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىپ، بۇ كۈن

«مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).»

(بەقەرە سۈرىسى 186 ـ ئايەت)



يەنە ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كۈندۈز كېتىپ كېچە كېلىدۇ. جىمى مەخلۇقاتلارنى خۇددى بىر لىباس، بىر يوتقان كەبى يۆگىگەن كېچىنى رەببىمىز بىزنىڭ دەم ئېلىشىمىز، ئەتىسى جۇشقۇن، كۆتىرەڭگۈ روھ بىلەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئىشىمىزغا ھازىر بولىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان. ئاللاھنىڭ باشقا نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىشقا باشلىغاندا قانداق بىسمىللاھ دەپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ياد ئېتىپ، تەشەككۈر ئېيتقان بولساق، بىزگە بەرگەن ئۇيقۇ نېمىتىگە باشلىغاندىمۇ بىسمىللاھ دەيمىز. شۇنىڭ بىلەن سەھەردە بىسمىللاھ دەپ ئورنىمىزدىن تۇرغان كارۋىتىمىزغا يەنە بىسمىللاھ دېگەچ بېرىپ ياتىمىز. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دېگىنىدەك «ئاللاھىم! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن يېتىپ ئۇخلايمەن، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئويغىنىمەن» دېگەچ ئۇخلايمىز. (ياتتىم يا ئاللاھ، قوپتۇم ئىنشائاللاھ. ناۋادا يېتىپ قوپالماي قالسام، ئاللاھقا ئامانەت، لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇر رەسۇلۇللاھ)

«رەببىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار.» (ئەئراف سۈرىسى 55-ئايەت)



## ئەبەدىيلىككە ئېچىلغان ئىشىك: فاتىھە سۈرىسى

فاتىھە: «ئېچىش، باشلىنىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئانى-كەرىمنى ئاچقىنىمىزدا كۆرىدىغان 1-سۈرە فاتىھە سۈرىسىدۇر. بۇ سۈرە قۇرئانى-كەرىمنىڭ مېغىزى ۋە يەكۈنى، ئەڭ ئۇلۇغ دۇئا ۋە ئاللاھقا قىلىنغان ئەڭ بۈيۈك مۇناجاتتۇر. ھەر ۋاقىت فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلساق بولىدۇ. قۇرئانى-كەرىم ئوقۇغاندىن كېيىن، دۇئادىن كېيىن، ۋاپات بولغانلارنىڭ ئارقىسىدىن ۋە بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇيمىز. سۈرىنىڭ ئاخىرىدا: «ئاللاھىم قوبۇل قىلغىن!» دېگەن مەنىدە: «ئامىين!» دەيمىز.

## ئايەت ئايەت فاتىھە سۈرىسى

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ

ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).»

كائىناتنى ۋە پۈتكۈل مەۋجۇداتنى، پىلانېتلارنى، يۇلتۇزلارنى، ئاينى، قۇياشنى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر. ئۇ بىز بىلىدىغان، بىلمەيدىغان، كۆرگەن، كۆرمىگەن ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. مەخلۇقاتلىرىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقاندۇر.

ئاللاھ ياراتقان ھەر بىر مەۋجۇداتقا بىر ۋەزىپە بەرگەن. ئۇلاردىن ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئەڭ ياخشى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇلارنى راب (تەربىيىچى ئاللاھ) نامى بىلەن تەربىيىلىگەن. مەسىلەن: يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاق تۇغۇلغان كۈنىدىكى پېتى بويىچە قالسا ئىدى، گەپ قىلالمىغان، كۈلەلمىگەن، ماڭالمىغان ۋە چوڭ بولالمىغان بولاتتى. بوۋاققا بۇلارنى پەيدىنپەي ئۆگەتكۈچى ئاللاھتۇر. قۇشلارغا ئۇچۇشنى، كېپىنەك لىچىنكىسىغا يىپەك قۇرتى چىقىرىشنى، ھەرىلەرگە ھەسەل قوسۇشنى، يەر شارىغا قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشنى بىلدۈرگۈچى ئاللاھتۇر. ھەر مەۋجۇدات ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا تەشەككۈر ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. ئۇنداق بولسا، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان ئىنسان ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە رەببىنى ياد ئېتىشى كېرەك.

ئاللاھ راھماندۇر. راھمان: «مېھرىبان، مەرھەمەتلىك» دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھ رەھمەت، مەرھەمىتى بىلەن پۈتكۈل مەخلۇقاتلارنى ئۆز دائىرىسى ئىچىگە ئالغۇچى، ئۇلار ھەققىدە ياخشىلىق، رەھمەت ۋە گۈزەللىكنى خالىغۇچى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغاننى ئايرىماي، ھەممە مەخلۇقاتىغا سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى مەرتلىك بىلەن ئېھسان قىلىپ بەرگۈچىدۇر. ئاللاھ راھىمدۇر. رەھمەت ۋە مەرھەمىتى ئاخىرەتتە پەقەتلا مۆمىنلەر ئۈچۈندۇر. ئىمان ئېيتقان مۆمىن، سالىھ بەندىلىرىنى ئاخىرەتتە تېخىمۇ ياخشى چەكسىز نېمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلاندۇرغۇچىدۇر.

**«بىسمىللاھ دەپ باشلانمىغان ھەر قانداق ئىش بەرىكەتسىزدۇر.»**

(بەيھاقى، «سۈنەن»، III/209)



«ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى (شۇ گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار.»

(ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت)



ھاياتنى ۋە ئۆلۈمنى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر. جېنى بار ھەر قانداق بىر مەخلۇق دۇنياغا كېلىدۇ، ياشايدۇ ۋە ئۆلىدۇ. باھار پەسلىدىن باشلاپ قىش پەسلىگىچە ئۆزگەرگەن پەسىللەر ۋە ھاۋا رايى بىزگە خۇددى ھاياتنىڭ جەريانىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. باھار پەسلىدە ياپ ـ يېشىل بولغان يەر يۈزى قىش پەسلىدە كېپەنگە ئوخشايدىغان ئاپئاق يېپىنچىنىڭ ئاستىدا جىمجىت ئۇخلايدۇ.

ھەر بىر جانلىق كەبى ئادەممۇ بىر كۈنى ئۆلىدۇ. لېكىن ئۆلۈم بىر يوقۇلۇش ئەمەس، بەلكى پەرقلىق يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ دۇنياغا كۆزىمىزنى يۇمدۇرغان ئۆلۈم شۇ ۋاقىتتا يەنە باشقا بىر ھاياتقا، ئاخىرەت ھاياتىغا كۆزىمىزنى ئاچقۇزىدۇ. ئۇ يەردە ئاۋۋال ھەممە ئىشنىڭ ھېساب ـ كىتابى قىلىنىدۇ. دۇنيادىكى چاغدا قىلغان ياخشى، يامان قىلمىشلىرىمىز، ساۋاپ، گۇناھلىرىمىز يېزىلغان ئەمەل دەپتىرى ئالدىمىزغا چىقىدۇ.

دۇنيا ھاياتى ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن تەييارلىقتۇر. بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىمىز ئاخىرەتتە يولىمىزنى نۇرلاندۇرىدۇ ياكى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. ھەممە ئادەم قىلغان ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغان ئۇ كۈندە ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئالدىدا بولىمىز.

رەببىمىز يارىتىلىشىمىزدىكى مەقسەتنى مۇنداق بىلدۈرگەن: **«مەن ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم.»** (زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت) بىز يارىتىلىشىمىزدىكى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە راھەت ھۇزۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن قولىمىزنى ئېچىپ ئاللاھقا يالۋۇرىمىز.

ئاللاھ بەندىسىنىڭ قىيىنچىلىقتا قېلىشىنى، ئازاب چېكىشىنى خالىمايدۇ. دۇنيا بىر ئىمتىھان يېرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر زامان ئالدىمىزغا بەزى قىيىنچىلىقلار چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا رەببىمىزنىڭ بىزگە ياردەم قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قول ئېچىپ يالۋۇرىمىز. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئۆزىدىن پاناھ تىلىگەن ئىنسانلارغا ھەر دائىم ياردەم قىلىدۇ.

ئاللاھ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ۋە كىتابلار ئەۋەتتى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولسا، ئەڭ ئاخىرقى

پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن قۇرئانى ـ كەرىمنى ئوقۇشتۇر. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان توغرا يولدا ماڭغان بولىمىز.

نېمەتكە ئېرىشكەنلەر ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتىپ، بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرلەر، شېھىدلەر، ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان ياخشى كىشىلەردۇر.

غەزەپكە ئۇچرىغانلار بولسا، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلمىغان، ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن، بۇ نېمەتلەر ئۈچۈن شۈكۈر قىلمىغان. ھەتتا قىلچىلىك بولسىمۇ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلىمىگەن. ئۇلار بۇ خىل نانكورلۇقى تۈپەيلى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، توغرا يولدىن ئېزىقىپ كەتكەن. بىز ئۇلاردەك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمىزگە دىققەت قىلىمىز، رەببىمىزگە بىزنى: «غەزىپىڭگە يولۇققان ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا باشلىما!» دەپ دۇئا قىلىمىز.

## ئەسمائى ھۇسنا بىلەن دۇئا قىلىش

دۇئا — ئارزۇ ـ تەلەپلىرىمىزنى ئاللاھقا ئېيتىشتىن باشقا يەنە ئاللاھنى زىكىر قىلىش ۋە ئۇلۇغلاشنىڭ بىر يولىدۇر. **«ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھقا شۇ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن دۇئا قىلىڭلار.»** (ئەئراف سۈرىسى 180 ـ ئايەت) قۇرئانى ـ كەرىمدە بولۇپمۇ پەيغەمبەر دۇئالىرىدا رەببىمىز ئىسمى بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغلانغان.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىسىملارغا ئىشەنگەن ۋە ئىشەنگىنى بويىچە ياشىغانلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى پەقەت 99دىنلا ئىبارەت ئەمەس. ھەدىستە 99 سانىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى بۇ ئىسىملارنىڭ چەكلىك ساندا ئىكەنلىكىنى سۆزلەش ئەمەس، بەلكى بۇ ئىسىملارنىڭ ئاللاھنىڭ ئەڭ كۆپ بىلىنگەن ئىسىملىرى ئىكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

«ئەي ئاللاھىم! سېنى ياخشى كۆرۈشنى، ياخشى كۆرىدىغانلىرىڭنى ياخشى كۆرۈشنى ۋە سېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈڭگە ئېرىشتۈرۈدىغان ئىشلارنى قىلىشنى نېسىپ قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئەي ئاللاھىم، ماڭا سېنىڭ سۆيگۈڭنى نەپسىمدىن، ئائىلەمدىن ۋە (تومۇز ئىسسىقتىكى) سوغۇق سودىنمۇ بەك سۆيۈملۈك قىلغىن.»

(تىرمىزى، «دۇئا»، 73)

دۇئا قىلغاندا ئاللاھنىڭ بۇ ئىسملىرىنى قوللانساق بولىدۇ. راھمان ئىسمى بىلەن بىزگە مەرھەمەت قىلىشىنى، رززاق ئىسمى بىلەن رىزقىمىزنى بەرىكەتلەندۈرۈشىنى، تەۋۋاب ئىسمى بىلەن تەۋبىلىرىمىزنى قوبۇل قىلىشىنى، ۋەدۇد ئىسمى بىلەن بىزنى ياخشى كۆرۈشىنى ۋە ياخشى كۆرگۈزۈشىنى تىلىسەك بولىدۇ.

## ئەڭ چوڭ دۇئا: ئايەتەل كۇرسى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «ھەممە نەرسىنىڭ بىر يۈكسەك پەللىسى بار، قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ يۈكسەك پەللىسى بەقەرە سۈرىسىدۇر. ئۇنىڭدا قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان بىر ئايەت بار بولۇپ، بۇ ئايەتەل كۇرسىدۇر» دېگەن. (تىرمىزى، «سەۋابۇل قۇرئان»، 2)

ئايەتەل كۇرسىنىڭ مەنىسى مۇنداق:



**«بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى)دۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرى قىلغان ۋە كېيىن قىلماقچى بولغان ھەممە ئىشلىرىنى بىلىدۇ. ئىنسانلار بولسا، ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرگەندىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۇرسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەت)

ئايەتەل كۇرسىدە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، سۈپەتلىرى، كائىناتتىكى ۋەقەلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ خالىشى ۋە رۇخسىتىسىز ھېچكىمنىڭ باشقا بىرەيلەنگە شاپائەت قىلالمايدىغانلىقى، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى ھەر شەيئىنىڭ ئۇنىڭغا ئائىت ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمەكتە.

ئايەتەل كۇرسىدىن شۇنى بىلىمىزكى، ئاللاھ دېگەن بۇ ئىسىم پەقەتلا رەببىمىزگە خاس بولغان مەخسۇس ئىسىمدۇر. ئاللاھنى بىزگە تونۇتىدىغان قانچىلىك ئىسىم ۋە سۈپەت بار بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپادىلىگەن مەنىنى ئاللاھ دېگەن بىر ئىسىم يالغۇز ئىپادىلىيەلەيدۇ.

ئاللاھ ھەققىدە بىلىشىمىز كېرەك بولغان دەسلەپكى مەلۇماتنى ئايەتەل كۇرسى بىزگە ئۆگىتىدۇ: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ». بۇ سۆز «كەلىمە تەۋھىد»تۇر. مەنىسى: «ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا تەڭرى يوقتۇر.»

ئۇ ھاي ۋە قاييۇمدۇر. ھايي ئىسمى بىلەن پۈتكۈل مەخلۇقاتقا ھايات بەرگۈچىدۇر. چۈنكى ھاياتنىڭ ئىگىسى ئاللاھتۇر. ھەر شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋاقىتلىقتۇر، ئەمما ئاللاھ ئەبەدىيدۇر. ھەر جانلىق ئۆلىدۇ، ئەمما ئاللاھ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. قاييۇم ئىسمى بىلەن مەخلۇقاتلارنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر. ھەر مەۋجۇدات بار بولۇش ئۈچۈن ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بولسا ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس. ھەر مەۋجۇدات ئۇنىڭ ئىدارە قىلىشى ئاستىدا مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئاللاھ بىزنىڭ قىلغان ۋە قىلىدىغان جىمى ئىشلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىدۇ. ھېچبىر ئىش ئۇنىڭغا مەخپى ئەمەس. ئۇ ئالىمدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. بىزنىڭ خىيالىمىزدىكىلەرنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. بىز بولساق پەقەت ئاللاھ بىزگە بىلدۈرۈشنى خالىغانلىرىنىلا بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ كۇرسى ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى پۈتكۈل شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. جىمى شەيئىلەر ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنتايىن بۈيۈك ۋە ئۇلۇغدۇر.

«رەببىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن.»
(ئال ـ ئىمران سۈرىسى 8 ـ ئايەت)



## مېراجتىن كەلگەن ھەدىيە: بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى

بىز «ئامەنەر ـ راسۇلۇ» دەپمۇ بىلىدىغان بۇ ئايەتلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە مېراج ۋەقەسى جەريانىدا نازىل قىلىنغان بەقەرە سۈرىسىنىڭ 285 ـ 286 ـ ئايەتلىرىدۇر. بۇ ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىدىكى دۇئا مۇنداق:

«ئەي رەببىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. ئەي رەببىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن. ئەي رەببىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن.»

«رەببىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.» (ئال ـ ئىمران سۈرىسى 16 ـ ئايەت)

## رەببەنا دۇئالىرى

ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامازنىڭ ئاخىرىدا رەببەنا دۇئالىرىنى ئوقۇيمىز. بۇ دۇئالاردا مۇنداق دەيمىز:

«رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى (دوزاخ) ئوت ئازابىدىن ساقلىغىن.» (بەقەرە سۈرىسى 201 ـ ئايەت)

«ئەي رەببىمىز! دۇنيادىكى قىلمىشلىرىمىزدىن ھېسابقا تارتىلىدىغان (قىيامەت) كۈنىدە مېنى، ئاتا ـ ئانامنى ۋە مۆمىنلەرنى مەغفىرەت (ئەپۇ) قىلغىن.» (ئىبراھىم سۈرىسى 41 ـ ئايەت)



## دۇئا سۈپىتىدىكى ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى

ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى دۇئا سۈپىتىدە ئوقۇساقمۇ بولىدۇ. بۇ سۈرىلەرنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

«ئېيتقىنكى، ئۇ ـــ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە مەۋجۇدات ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.»

«ئېيتقىنكى، مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن[1]، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۇبھىنىڭ رەببى (ئاللاھ)قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.»

1. شەر: «يامانلىق، ئەسكىلىك» دېگەن مەنىدە.



«ئېيتقىنكى، ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يۇشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن.»

«ئى رەببىم! ئاتا ـ ئانام مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن.»
(ئىسرا سۈرىسى 24 ـ ئايەت)

## نامازدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

### سۇبھانەكە دۇئاسى

سەن نوقسان سۈپەتلەردىن پاكتۇرسەن. ئاللاھىم! ساڭا ھەمىشە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. سېنىڭ ئىسمىڭ ئۇلۇغدۇر. مەۋجۇتلۇقۇڭ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، شەرىپىڭ يۈكسەكتۇر، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

### ئەتتەھىياتۇ دۇئاسى

تىل، بەدەن ۋە مال بىلەن قىلىنغان ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلدۇق (ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلمايمىز) . ئەي پەيغەمبەر! ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ساڭا بولسۇن! بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگىمۇ سالام بولسۇن! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.



### ئاللاھۇممە سەللى ئەلا، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا دۇئالىرى

ئاللاھىم! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا رەھمەت قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغىمۇ رەھمەت قىلغىن. شۈبھىسىزكى، ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سېنىڭ شان ـ شەرىپىڭ ئۇلۇغدۇر.
ئاللاھىم! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا بەرىكەت بەرگىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغىمۇ

ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. شۈبھىسىزكى، ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سېنىڭ شان ـ شەرىپىڭ ئۇلۇغدۇر.

«رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، رەببىمىز! سەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن.»
(ھەشر سۈرىسى 10 ـ ئايەت)

### قۇنۇت دۇئاسى

ئاللاھىم! پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىڭنى ۋە بىزنى توغرا يولغا باشلىشىڭنى تىلەيمىز. ساڭا ئىمان ئېيتتۇق، ساڭا تەۋبە قىلىمىز. ساڭىلا ئىشىنىمىز. سەن بىزگە بەرگەن پۈتۈن نېمەتلەرنى بىلىپ ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ساڭا شۈكۈر قىلىمىز (تەشەككۈر ئېيتىمىز). ھېچقانداق نېمىتىڭنى ئىنكار قىلمايمىز، ئۇنى باشقىلار بەردى دېمەيمىز. نېمەتلىرىڭنى ئىنكار قىلغۇچى ۋە ساڭا قارشى چىققۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرمايمىز.
ئاللاھىم! پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. نامازنى پەقەت سەن ئۈچۈن ئوقۇيمىز. پەقەت ساڭىلا سەجدە قىلىمىز. پەقەت سېنىڭ يولۇڭدا ماڭىمىز، ساڭا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا تىرىشىمىز. چىن كۆڭلىمىزدىن خۇشاللىق بىلەن ساڭا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. ئازابىڭدىن قورقىمىز. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ ئازابىڭ ئىنكار قىلغۇچىلار (كاپىرلار) ۋە ئىمانسىزلارغا كېلىدۇ.

## يولىمىزنى يورۇتقۇچى پەيغەمبەر دۇئالىرى



ئىنسانلارغا توغرا يولنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر دۇئا توغرىسىدىمۇ ئىنسانلارغا ئۈلگە بولغان. بۇ گۈزەل دۇئالارنى يادلاپ، بىزمۇ پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئاللاھقا دۇئا قىلساق بولىدۇ.

### ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋا ئانىمىزنىڭ دۇئاسى

ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاۋۋا ئانىمىز دۇنياغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، كۆپ يىغلاپ مۇنداق دۇئا قىلغان:

**«رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن مەغفىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز.»** (ئەئراف سۈرىسى 23 ـ ئايەت)

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

**«ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ياردەم قىلغىن.»**
(قەمەر سۈرىسى 10 ـ ئايەت)

**«رەببىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغفىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمەن.»**
(ھۇد سۈرىسى 47 ـ ئايەت)

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

كۈنىمىزدە نەچچە مىليون مۇسۇلمان ئۆمرە ۋە ھەج ئىبادىتى ئۈچۈن زىيارەت قىلىدىغان كەبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بۇندىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بويىچە بىنا قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دۇئا قىلغان:

**«رەببىم! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. رەببىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. رەببىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر**

«رەببىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. رەببىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن. رەببىمىز! بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.»
(مۇمتەھىنە سۈرىسى 4 ـ 5 ـ ئايەتلەر)



پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىپسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.» (بەقەرە سۈرىسى 127 ـ 129 ـ ئايەتلەر)

«رەببىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن) دەپ سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، رەببىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن. رەببىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن.»



«ئاسمان ـ زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس. جىمى ھەمدۇسانا ياشانغىنىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر! رەببىم! ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (يەنى دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر).»

«رەببىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، رەببىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن. رەببىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن.» (ئىبراھىم سۈرىسى 37 ـ 41 ـ ئايەتلەر)

«رەببىم! ماڭا ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن، كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇ نېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن. ئاتامغا مەغفىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن گۇمراھلاردىن بولدى.»
(شۇئەرا سۈرىسى 83 ـ 86 ـ ئايەتلەر)

### لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

قۇرئانى ـ كەرىمدە ھۆكۈم ۋە ئىلىم بېرىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇزۇن يىل دىن تەبلىغ قىلغان. لېكىن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى گۇناھتا چىڭ تۇرۇپ، جاھىللىق بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىققان. لۇت ئەلەيھىسسالام:

**«رەببىم! مېنى ۋە ئائىلەمنى ئۇلارنىڭ ناچار قىلمىشلىرىدىن قۇتقۇزغىن.» «رەببىم! قىلمىشلىرى تۇپەيلىدىن (ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابتىن) مېنى ۋە تەۋەلىرىمنى قۇتقۇزغىن.»** (شۇئەرا سۈرىسى 169 ـ ئايەت)، **«ئەي رەببىم! بۇ بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم قىلغىن.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى 30 ـ ئايەت) دەپ ئاللاھقا دۇئا قىلغان. ئاللاھ بۇ دۇئانى مەقبۇل قىلغان، ئاللاھقا قارشى چىققان قەۋم ھالاك بولغان.

### ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى



**«مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا ئېيتىمەن، ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن.»** (يۇسۇف سۈرىسى 86 ـ ئايەت)

### يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

يۇسۇف سۈرىسى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان بىر سۈرىدۇر. بۇ سۈرىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىشى، يولدىن ئۆتكەن بىر كارۋاننىڭ ئۇنى قۇدۇقتىن ئېلىپ چىقىشى، مىسىرنىڭ ۋەزىرىگە قۇل قىلىپ سېتىلىشى، ۋەزىرنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قېلىشى، زىندانغا تاشلىنىشى، مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىشى، قورغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىشى، قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈشى، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشى ۋە دادىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە گۈزەل دۇئا ئۆرنەكلىرى بار.

**«رەببىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن.»** (يۇسۇف سۈرىسى 101 ـ ئايەت)

## ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئېغىر بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئۇزۇن ۋاقىت ئاغرىق ئازابى تارتقان. لېكىن ھەر خىل ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىپ بارلىق مۆمىنلەرگە ئۆرنەك بولغان. بىزمۇ ئىمتىھان شەكلى ۋە ۋاقتى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشىمىز، ئىسيان قىلماسلىقىمىز، ئاللاھتىن ئۈمىد ئۈزمەسلىكىمىز، سەۋرنىڭ نەتىجىسىنىڭ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

**«ئەييۇبنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلدى.»** (ئەنبىيا سۈرىسى 83 ـ ئايەت)

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى



مەديەن ۋە ئەيكە خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئىشەنگەن باشقا مۆمىنلەر بىلەن بىرلىكتە يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلدى:

**«ئاللاھ بىزنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتساق، ئەلۋەتتە، ئاللاھقا يالغان چاپلىغان بولىمىز. رەببىمىز ئاللاھ خالىسىلا، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتمايمىز. رەببىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدۇق (يەنى ھەممە ئىشىمىزنى ئاللاھقا تاپشۇرىمىز) رەببىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن.»** (ئەئراف سۈرىسى 89 ـ ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

«رەببىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغفىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن.» (ئەئراف سۈرىسى 151 ـ ئايەت)

«بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق.» (ئەئراف سۈرىسى 156 ـ ئايەت)

«رەببىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن) مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن.» (تاھا سۈرىسى 25 ـ 28 ـ ئايەتلەر)



سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

«رەببىم! ماڭا مەغفىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن.» (ساد سۈرىسى 35 ـ ئايەت)

«رەببىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن.» (نەمل سۈرىسى 19 ـ ئايەت)

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

«(رەببىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك

مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز.» (ئەنبىيا سۈرىسى 87 ـ 88 ـ ئايەتلەر)

## زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

ياشىنىپ كەتكەن زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئۆزى قېرىغان، ئايالى بولسا تۇغماس ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن قەۋمى ئىچىدە دىن تەبلىغ قىلىدىغان بىر پەرزەنتىنىڭ بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلىدى.

**«ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلدى. ئۇ ئېيتتى: «رەببىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. رەببىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق. مەن تاغىلىرىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنۇمنى باسالماسلىقىدىن (يەنى دىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇشلىرىدىن) ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر، (پەزلىڭدىن) ماڭا بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن. ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي، رەببىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن.»»** (مەريەم سۈرىسى 3 ـ 6 ـ ئايەتلەر)

**«بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغۇدىغان قىلىپ بەردۇق.) (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى.»** (ئەنبىيا سۈرىسى 90 ـ ئايەت)



## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

**«ئاللاھ (قىيامەت كۈنى) سورايدۇكى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا: «رەببىم! شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن،**



**ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق.) سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرىغان سۆزنى، يەنى، مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغفىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» دەيدۇ.»** (مائىدە سۈرىسى 116 ـ 118 ـ ئايەتلەر)

## مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇرئانى ـ كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان بەزى دۇئالىرى

قۇرئانى ـ كەرىمدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە ئائىت دۇئالارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن «ئېيتقىنكى»، «دېگىنكى» دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان. رەببىمىز پەيغەمبىرىمىزگە قانداق دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن:

**«ئېيتقىنكى، «رەببىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. رەببىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمرا بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن.»** (مۇئمىنۇن سۈرىسى 97 ـ 98 ـ ئايەتلەر)

**«رەببىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، (قەبرەمدىن) ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن.»** (ئىسرا سۈرىسى 80 ـ ئايەت)

**«ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!»** (تاھا سۈرىسى 114 ـ ئايەت)

**«رەببىم! مەغفىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن.»** (مۇئمىنۇن سۈرىسى 118 ـ ئايەت)

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەنە باشقا بىر قانچە دۇئاسى

پەيغەمبىرىمىز ئىبادەت قىلغاندا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، خۇشال بولغان ۋە غەم ـ غۇسسە ئىچىدىكى چاغلىرىدا ھەمىشە قولىنى ئېچىپ دۇئا قىلىپ ئاللاھتىن ياردەم تىلەيتتى، ئاللاھقا يالۋۇراتتى:

«ئاللاھىم! نەپسىمنى ساڭا تەسلىم قىلدىم. يۈزۈمنى ساڭا قاراتتىم. ئىشىمنى ساڭا تاپشۇردۇم. رازىلىقىڭنى تىلەپ، ئازابىڭدىن قورقۇپ ساڭا يۆلەندىم. ساڭا سېغىندىم. سەندىن باشقا باشپاناھىم يوق. سەندىن باشقا يۆلەنچۈكۈم يوق. ئاللاھىم! سەن نازىل قىلغان كىتابىڭغا، ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىڭگە ئىمان ئېيتتىم.» (بۇخارى، «دەۋئات»، 7)

«ئاللاھىم! سېنى ياخشى كۆرۈشنى، ياخشى كۆرىدىغانلىرىڭنى ياخشى كۆرۈشنى ۋە مۇھەببىتىڭگە يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى نېسىپ قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئەي ئاللاھىم! سېنىڭ سۆيگۈڭنى ماڭا نەپسىمدىن، ئائىلەمدىن ۋە سوغۇق سۇدىن بەك سۆيۈملۈك قىلغىن.» (تىرمىزى، «دۇئا»، 73)

«ئاللاھىم! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە گۈزەل شەيئىلەرنى بەرگىن.» (مۇسلىم، «زىكىر»، 26)

«ئاللاھىم! مېنى ئەپۇ قىلغىن، ماڭا مەرھەمەت قىلغىن. رازىلىقىڭغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلغۇزغىن. ماڭا سالامەتلىك ۋە خەيرلىك رىزىق بەرگىن.» (مۇسلىم، «زىكىر»، 35)

«ئاللاھىم! مېنى توغرا يولغا باشلىغىن ۋە بۇ يولدا مېنى ئوتتۇقلۇق قىلغىن.» (مۇسلىم، «زىكىر»، 78)

«ئەي ئاللاھىم! ناچار ئەخلاقتىن، ناچار ئىش قىلىشتىن ۋە خاتا ئېتىقادقا كىرىپ قېلىشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» (تىرمىزى، «دۇئا»، 126)



«ئاللاھىم! سەن بەرگەن نېمەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن، سەن بەرگەن سالامەتلىكنىڭ بوزۇلۇشىدىن، تويۇقسىز كېلىدىغان جازادىن ۋە سېنىڭ غەزىپىڭنى قوزغايدىغان ھەر خىل ئىشلاردىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» (مۇسلىم، «زىكىر» ، 96)

«ئاللاھىم! ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قېرىپ كېتىشتىن، قەۋرىدىكى ئازابتىن، تىرىكلەرنىڭ ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ پىتنىسىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» (مۇسلىم، «زىكىر» ، 50)

«ئاللاھىم! پايدىسىز ئىلىمدىن، تاش يۈرەكلىكتىن، تويماس نەپستىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.» (مۇسلىم، «زىكىر» ، 73)



«ئاللاھىم! سەندىن ھىدايەت، تەقۋا، ئىپپەت ۋە مەنىۋى بايلىق تىلەيمەن.» (مۇسلىم، «زىكىر» ، 72)

«ئەي رەببىم! مېنى ياخشىلىق قىلغاندا خۇشال بولىدىغان، يامان ئىش قىلىپ سالغاندا پۇشايمان قىلىدىغانلاردىن قىلغىن.» (ئىبنى ماجە، «ئەدەب» ، 57)

## مەشھۇر شەخسلەر، ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ دۇئالىرى

«ئاللاھىم! بارلىق گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سەندىن تىلەيمەن. بارلىق قەبىھ ۋە ناچار قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ساڭا سېغىنىمەن.» (ئائىشە)

«ئاللاھىم! ماڭا ياخشى ئىشلارنى نېسىپ قىلغىن. ئىشلىرىمنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا مەخسۇس قىلغىن، ئىچىگە رىياكارلىق ۋە يالغانچىلىق ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىغىن.» (ھەزرىتى ئۆمەر)

«يا رەببى! ئەھۋالىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن. بىچارىلىقىمنى، ئامالسىزلىقىمنى بىلىسەن. مەخپى يالۋۇرۇشلىرىمنى ئاڭلاۋاتىسەن. مېنى سەندىن ئۈمىدسىز بولغانلارنىڭ ئارىسىغا قويما. كەمچىلىكىمنى ئەپۇ قىل، ئۇزاق ساقلاتما، نائۈمىد قىلما. رەھمەت قىلىدىغانلىقىڭغا تولۇق ئىشىنىمەن. كۆڭلۈمدە مۇھەببەت ئوتىنى ياندۇرغىن، مېنى سۆيگۈڭگە قاندۇرغىن، سۆيگۈڭنى كەم قىلما.

سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ ئالدىدا بويۇن ئەگدىم، سەجدە قىلدىم، مېنى مەغفىرەت قىلغىن.» (ھەزرىتى ئەلى)

«زىكىر قىلغۇچىنى ئۇنۇتمايدىغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. دۇئا قىلغۇچىنى قۇرۇق قول قايتۇرمايدىغان، يالۋۇرغاننى يىغلاتمايدىغان ۋە ئۈمىد قىلغۇچىنى نائۈمىد قويمايدىغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن.» (ھەزرىتى ھەسەن)

«ئەڭ يامان ھەمراھ بولغان ئاچلىقتىن ۋە خىيانەتچىلىكتىن ساڭا سېغىنىمەن. ھورۇنلۇق، پىخسىقلىق، قورقۇنچاقلىق ۋە زىيادە قېرىپ كېتىشتىن ساڭا سېغىنىمەن. ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىسىدىن ساڭا سېغىنىمەن.»

«ئاللاھىم! قەلبىمىزنى سەندىن باشقىسىنىڭ سۆيگۈسىگە ماكان بولۇپ قېلىشتىن پاكىزە تۇتقىن.» (ئابدۇلقادىر جەيلانى)

«يا رەببى! دۇئا سەندىن، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىمۇ سەندىن. ئەي رەببىم! دۇئا تىلەكلىرىمىزدە ساڭا لايىق كەلمەيدىغان سۆزلەرنى دەپ سېلىپ خاتالاشقان بولساق، ئۇ سۆزلىرىمىزنى سەن تۈزەتكىن، دۇئايىمىزنى مەقبۇل قىلغىن. چۈنكى سۆزلەرنىڭ ھاكىمى ۋە سۇلتانى سەن.»

«رەببىم! مەن بەدىنىمدىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاپ پاكىزلىدىم. ئىچكى دۇنيايىمنى يامانلىق، قەبىھلىكتىن سەن تازىلاپ پاكىزلىغىن.» (مەۋلانا)

«يا رەببى! بىز باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت سېنىڭلا رەب (تەربىيىچى) ئىكەنلىكىڭنى قوبۇل قىلىمىز ۋە پەقەت ساڭىلا بويۇن ئېگىمىز. پەقەت ساڭىلا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىمىز. چۈنكى بارلىق قورقۇش ۋە ئۈمىدىمىزنىڭ تۈنجى ۋە ئاخىرقى مەنبەسى سەن. سەن قورقۇتمىساڭ، قورقۇش يوق؛ سەن ئۈمىدلەندۈرمىسەڭ، ئۈمىد يوق. سەن لەززەت ھېس قىلدۇرمىساڭ، ھەممە نەرسە ئاچچىق؛ سەن ئاچچىق ھېس قىلدۇرمىساڭ، ھەممە نەرسە لەززەتلىك.»
(مۇھەممەد ھەمدى يازىر)





ئوقۇيلى...

## بىسمىللاھ

ئاللاھتۇر تۇنجى سۆزىمىز،
ئىمان تولغان قەلبىمىز.

ئىشلار ئاللاھ ئىسمى بىلەن،
باشلار، تۈگەر تەمى بىلەن.

ئويغانغاندا ھەر سەھەر،
دەيمەن دەرھال بىسمىللاھ.

يېگەندە ۋە ئىچكەندە،
كىتابىمنى ئاچقاندا،

دەيمەن دائىم بىسمىللاھ،
ئۇنۇتمايمەن دائىما.

يۈزلەنسەم مەن رەببىمگە،
قۇۋۋەت كېلەر قەلبىمگە.

ئاللاھ ئىلە ئاز كۆپ بولۇر،
قىيىنچىلىق يوق بولۇر.

مۇۋەپپەقىيەت كېلىدۇ،
دېسەك ئەگەر بىسمىللاھ.

چۈشۈرمەيمەن تىلىمدىن،
ئاللاھ تۇتار قولۇمدىن.

ـــــ مۇستاپا ئاسىم كۆكسال





## ياتقاندا

ياتتىم ئوڭدا، ئۆرۈلدۈم سولغا،
سىغىندىم ئاللاھىمغا،
پەرىشتىلەر گۇۋاھ بولسۇن،
دىنىمغا، ئىمانىمغا.

ياتتىم ئاللاھ قوپتۇر مېنى،
نۇر ئىچىگە چۈمدۈر مېنى،
جان بەدەندىن ئايرىلغاندا،
ئىمان بىلەن تىرىلدۈر مېنى.





## ئۈچىنچى باپ

# سەنئەت دۇئا قىلغان



### دۇئا بىلەن رەھمەت ئېيتىش: ئاللاھ رازى بولسۇن

بىرەر ياخشىلىق ياكى خوش ياقىدىغان بىرەر ئىشقا يولۇققان چېغىمىزدا ياخشىلىق قىلغۇچى كىشىگە رەھمەت ئېيتقۇمىز كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئەگەر بۇ ياردەم قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىمىزدا يېتىپ كەلگەن بولسا، تېخىمۇ چىن يۈرەكتىن تەشەككۈر ئېيتقۇمىز كېلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ياخشىلىقنى بىزگە يولۇقتۇرغۇچى رەببىمىزدۇر. ئىنسانلارغا رەھمەت ئېيتقاچ رەببىمىزگىمۇ تەشەككۈر ئېيتىمىز. رەھمەت ئېيتقاچ بىر تەرەپتىن رەببىمىزگە دۇئا قىلغان ھېسابلىنىمىز، شۇنىڭ بىلەن تەشەككۈرىمىز تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر يولى بار، يەنى: «ئاللاھ رازى بولسۇن» دېيىش.

«ئاللاھ رازى بولسۇن»نى نۇرغۇن تەشەككۈر سۆزىنىڭ ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئانىمىزغا: «ئاللاھ رازى بولسۇن» دېسەك، بۇ: «جېنىم ئانا، تاماق بەك ئوخشاپتۇ، قولۇڭغا دەرت كەلمىسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

دادىمىزغا: «جېنىم دادا، خەجلىگىلى پۇل بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن كۆپ رەھمەت» دېگەنلىك بولىدۇ. ساۋاقداشىمىزغا:

«ئاداش، ئۆچۈرگۈچۈڭنى ئىشلەتكىلى بەردىڭ، مېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقازدىڭ، رەھمەت! » دېگەنلىك بولىدۇ.

«ئەخلەتلەرنى ئېلىپ كەتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت دەرۋازىۋەن تاغا!»، «ئويۇنىمىز تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى، كۆڭۈللۈك ئوينىۋالدۇق دوستلار.»، «مۇئەللىم، بىزگە مۇھىم بىلىملەرنى ئۆگەتتىڭىز، رەھمەت!» دېگەنلىك بولىدۇ.

«ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن ئاللاھمۇ سىزگە ياردەم قىلسۇن! قىيىن كۈنگە قويمىسۇن، ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلسۇن، سىزنى ياخشى كۆرسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

بىزمۇ سىلەرگە: «ھەممىڭلاردىن ئاللاھ رازى بولسۇن دوستلار!» دەيمىز. چۈنكى ئەڭ ياخشى بىر ئىش قىلىۋاتىسىلەر، يەنى كىتاب ئوقۇپ ئىلىم ئۆگىنىۋاتىسىلەر.



## ئۇيقىدىن ئويغانغاندا ۋە ئۇخلاش ئۈچۈن

ھەر سەھەردە ئۇيقىدىن ئويغانغان ۋاقتىمىزدا يېڭى بىر كۈنگە مەرھابا دەيمىز. قۇياش ئاسماندا ئاستا-ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، قۇشلار نەغمە-ناۋا قىلىشىدۇ. ئادەملەر كوچىلار ۋە يوللاردا گوياكى ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان چۈمۈلىلەردەك ئىشقا مېڭىشىدۇ.

ياستۇقىمىزدىن بېشىمىزنى كۆتىرىپ يېڭى بىر كۈندە ئويغانغىنىمىزدا پۈتۈن دۇنيا بىز ئۈچۈن تەييارلىنىپ بولغان. بۇ يېڭى كۈننى دۇئا بىلەن ئەڭ گۈزەل ھالدا باشلىساق بولىدۇ.

«ئاللاھىم! بۇ گۈزەل كۈندە مېنى ئويغانغىلى نېسىپ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇسانا بولسۇن. تېنىمنى سالامەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا تەشەككۈر ئېيتىمەن (شۈكۈر قىلىمەن). بۇ كۈنىمنى ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن زىننەتلىگىن. بىزنى سەھەردە ئويغاتقىنىڭدەك، ئاخشاملىقىمۇ خەير ئىلە يەتكۈزگىن.»

بۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر دۇئا ياكى پەيغەمبىرىمىز ئوقۇغان ۋە بىزگە تەۋسىيە قىلغان بىرەر دۇئا ئۆگىنىپ ئوقۇغاچ يېڭى كۈنىمىزنى باشلىساق بولىدۇ.

سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرغاندا كۈنىمىزگە دۇئا بىلەن قانداق باشلىغان بولساق، ئاخشىمى يېتىپ ئۇخلايدىغان چاغدىمۇ كۈنىمىزنى دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئىنتايىن ياخشىدۇر. بۇنىڭ بىلەن ئىككى دۇئا ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن كۈنىمىز بىزگە ئەڭ پايدىلىق ھالەتكە كېلىدۇ.

«ئاللاھىم! سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئاخشامغا كەلدۇق. بارلىق يامانلىق ۋە قىيىنچىلىقلاردىن ساڭا سېغىنىمەن. ياخشىلىقلىرىمنى قوبۇل قىلغىن، يامانلىقلىرىمنى ئەپۇ قىلغىن. ئۇيغانغان چېغىمدا بۇ كۈنگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى بولغان بىر كۈننى ماڭا ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىرىمغا نېسىپ قىلغىن» دېسەك ياكى خالىغان دۇئانى ئوقۇساق بولىدۇ. قۇرئانى-كەرىمدىكى ئاخىرقى ئۈچ سۈرە، يەنى ئىخلاس، فەلەق، ناس سۈرىلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇشنى پەيغەمبىرىمىز تەۋسىيە قىلغان، بۇلارنى ئوقۇيلى.



## يامانلىقلارغا قارشى قالقان بولۇشى ئۈچۈن

بۇ دۇنيادا بەزىدە ئەخلاقى ناچار ئادەملەر ياكى قەبىھ قىلمىشلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋاللاردا كۈچلۈك بولۇشىمىز، ناچار ئىشلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز، سەۋرچان بولۇشىمىز ۋە ئاللاھتىن ياردەم تىلىشىمىز كېرەك. ئاللاھنىڭ كۈچى ھەممىگە يېتىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسا، ھېچكىم بىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇنداقتا ئاللاھتىن بىزنى ۋە ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىمىزنى پالاكەتتىن، ئەخلاقى ناچار كىشىلەردىن ساقلىشىنى تىلەيلى. بىزنى ياخشى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشىنى، ئىشەنچىلىك، دۇرۇست، ياخشى ئادەم بولغىلى نېسىپ قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلايلى.

## دۇئالار قورقۇشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ

بەزىدە بىلمەيدىغان نەرسىلەردىن، بەزىدە بىلىپ ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلەردىن قورقىمىز. قورققاندا دىققىتىمىز چېچىلىپ، تىترەپ، تەرلەيمىز، ھەتتا يىغلايمىز. لېكىن تىنچلىنىپ



ئەسلىمىزگە كەلگەندە بۇ يەردە بۇنچىۋىلا قورققۇدەك بىر نەرسىنىڭ يوقلۇقنى بايقايمىز. قورقۇنچتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇ تۇيغۇنىڭ يوقۇلۇشنى ساقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، خاتىرجەم بولساق، راھەتلىنسەك بولىدۇ. ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان رەببىمىزدىن ياردەم تىلىسەك بولىدۇ.

بىلىمىزكى، رەببىمىز ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدۇ. قورققان ۋاقتىمىزدا قانچىلىك غەم-ئەندىشە قىلغان، بىئارام بولغانلىقىمىزنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئاللاھ بىزنى خاتىرجەم قىلىدۇ، قورققان نەرسىلەردىن بىزنى ئۇ قوغدايدۇ. كۆڭلىمىزگە خاتىرجەملىك، ھۇزۇر بېرىدۇ. شۇڭا ئاللاھقا دۇئا قىلىش ئارقىلىق قورقۇشتىن قۇتۇلالايمىز.

## غەم-قايغۇ ۋە قىيىنچىلىقنى يوق قىلىدۇ



ھاياتتا غەم-قايغۇلۇق، قىيىنچىلىق كۈنلىرىمىز بولۇپ تۇرىدۇ. دەرت بەرگەن ئاللاھ دەرمانىنىمۇ بېرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئاللاھقا سېغىنىپ، دۇئا قىلىپ، دەرت-ھەسرەتتىن قۇتۇلىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. كۆڭلىمىزنى خاتىرجەم، ھۇزۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت دۇئا قىلساق بولىدۇ.

رەببىمىزنىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنلارنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىسەك بىزگە ياردەم قىلىدىغانلىقنى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق، دەرت-ئەلەم، غەم-غۇسسە ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلالايدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز.

«ئەي رەببىمىز! سېنىڭ ھەممىگە كۈچۈڭ يېتىدۇ. دەرت-ئەلەم، غەم-قايغۇ ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ساڭا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتىمىز. ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىسەن، بىزگە ياردەم قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلساق بولىدۇ. قۇرئانى-كەرىمدىن ئۆگەنگەن شىپا ۋە دۇئا ئايەتلىرىنى ئوقۇساق بولىدۇ. بۇنداقتا رەببىمىز بىزگە ياردەم قىلىپ، بىزنى ھەر خىل قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلىدۇ.

## گۇماننى يوق قىلىش ئۈچۈن

ھەر پەسلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. ياز پەسلى بىلەن قىش پەسلى بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: پۈتۈن ئەتراپنى تومان قاپلاپ، كۆز كۆزنى كۆرەلمەس بولۇپ قالغان چاغلاردا قانچىلىك تەس بولىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بەزىدە بىر قانچە قەدەم يىراقلىقتىكى تۈۋرۈك ياكى چوڭقۇر يەرنى ئىلغا قىلالمايمىز. ئەسلىدە شەك-شۈبھە، گۇمانمۇ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. گۇمانلانغان ۋاقتىمىزدا كۆز ئالدىمىزنى ئېنىق كۆرەلمەيمىز. بۇ ئەھۋالدا توغرا قارار چىقارغىلى بولمايدۇ-دە، خاتالىق سادىر قىلىپ سېلىش ئېھتىماللىمىز يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق چاغلاردا چوقۇم ئاللاھقا سېغىنىشىمىز، ئاللاھتىن ياردەم تىلىشىمىز لازىم. كاللىمىزنى بىھۇدە مەشغۇل قىلغان گۇمان، شەك-شۈبھىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۇئا قىلىشىمىز لازىم.



«ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان رەببىم! كاللامنى ساراڭ قىلغان بۇ گۇمانلاردىن مېنى خالاس قىلغىن. كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلغىن. گۇمان، شەك-شۈبھە ئىچىگە غەرق بولۇشتىن ۋە تەمتىرەشتىن خالى قىلغىن. ھەممە ئىشىمدا سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىشنى نىشان قىلىشىمنى، كەلگۈسىم ئۈچۈن پايدىلىق بىر قارار چىقىرىشىمنى ماڭا نېسىپ قىلغىن. كېيىنكى پۇشايمانلىقتىن ۋە بىلمەي ئۆزەمگە زىيان سېلىپ سېلىشتىن ساقلىغىن» دېسەك ياكى باشقا سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## شىپا ئۈچۈن

ھاياتتا كۆپىنچە ۋاقتلىرىمىز سالامەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ، بەزى كۈنلەردە ئاغرىپ قالىدىغان چاغلىرىمىز بولىدۇ. كېسەل ئېغىرلاشقاندا ئاغرىق ئازابى تارتىپ قاتتىق قىينىلىمىز. كېسەلنى بەرگەن ئاللاھ ئەلۋەتتە شىپانىمۇ بىللە بەرگەن. بۇ سەۋەپتىن دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشنى، ساقىيىشنى ئويلايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كېسەللىمىزنىڭ تېزراق ساقىيىشى، دەردىمىزنىڭ يېنىكلىشى، قىيىنچىلىقلىرىمىزنىڭ ھەل

بولۇشى، باشقا ئادەملەر بىلمەيدىغان ئاغرىقلىرىمىزنىڭ يوقۇلۇشى ئۈچۈن چارە بولسۇن دەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىمىز. چۈنكى جىسمانىي ۋە مەنىۋى كېسەللىكلىرىمىزگە شىپالىق بەرگۈچى ئاللاھتۇر. شۇڭا، ئۆزىمىزنى مىجەزىمىز يوقتەك ھېس قىلغاندا، كېسەلدىن ساقىيىشنى كۈتۈپ تۇرغاندا دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.

«ئۇلۇغ ئاللاھىم! سەن داۋاسى يوق كېسەلگە دۇچار قىلمايسەن. ھەر دەرتكە بىر داۋا ياراتقانسەن. كېسىلىمگە شىپالىق بەرگىن. ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى، سالامەت بولۇشنى، ساق چاغلىرىمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىشنى ماڭا نېسىپ قىلغىن» دەپ دۇئا قىلساق، قۇرئانى-كەرىمدىكى شىپا ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىفتىكى شىپا دۇئالىرىنى ئوقۇساق بولىدۇ.



## تىلەكلىرىم بار

ئىنساننىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنىڭ يازلىق، قىشلىق، كېچىلىك، كۈندۈزلۈك، چوڭ، كىچىك دەيدىغان بىر پەرقى يوق. ئارزۇ-تىلەكلىرىمىز ئەمەلگە ئاشقاندا خۇشال بولىمىز. كېچىكىپ قالسا، كۆڭلىمىز غەش بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىش بېشىمىزغا كەلمىگۈچە، بىز ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئومۇمەن بىلەلمەيمىز. كۆڭلىمىزدە يوشۇرغان ھەر خىل ئارزۇ-تىلەكلىرىمىزنى بىلىدىغان، بىز ئۈچۈن ھەمىشە ئەڭ ياخشى بولسۇن دەيدىغان بىر رەببىمىز بار. ئۇ گەرچە كۆڭلىمىزدىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئۇنى ئۆزىگە ئېيتىشىمىزنى ۋە بىۋاستە ياردەم تىلىشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ. بىزمۇ پۈتكۈل ئېھتىياجلىرىمىزنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، بىزنى ئەڭ پايدىلىق بىر يولدا قويۇشىنى تىلەيمىز. بىز تىلىگەن بىر ئىش ئۇچرىغاندا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەيمىز.

«ئەي ئۇلۇغ ئاللاھىم! سەن ساڭا ئېچىلغان قوللارنى قۇرۇق قول پېتى ياندۇرمايسەن. مەنمۇ سەندىن ياردەم تىلەيمەن. قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم، ئەمدى سەندىن ياخشى بىر نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈشىڭنى تىلەيمەن. مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزگىن. كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدىغان، زېيىنى تېگىدىغان ئىشلارنى مەندىن

يىراق قىلغىن. ئارزۇ-تىلەكلىرىمنى ۋە ئاقىۋىتىمنى ياخشى قىلغىن!» دېسەك، ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان سۆزلەر بىلەن رەببىمىزگە تىلىكىمىزنى يوللىساق بولىدۇ.

## بوۋىلىرىمىز، مومىلىرىمىز ۋە ئورۇق-تۇغقانلىرىمىز ئۈچۈن

سىلەر بىلىسىلەركى، ئائىلىمىزدە ئاتا-ئانىمىزدىن باشقا چوڭلىرىمىزمۇ بار. بىر ياخشى پەرزەنت، ياخشى نەۋرە، ياخشى تۇغقان بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنى دۇئالىرىمىزدا ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. شۈبھىسىزكى، چوڭلىرىمىزنىڭ بىزدە ھەققى بار. ئاللاھنىڭ بىزدىن رازى بولۇشىنى ئۈمىد قىلساق، چوڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ كۆڭلى خوش بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. ئۇلارغا دۇئا قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭمۇ دۇئاسىنى ئېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ بىزدىن رازى بولۇشى ئاللاھنى خۇشال قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ بىزگە ياخشى دۇئا قىلىدۇ. ئائىلىمىزدىكى چوڭ ئانا، چوڭ دادىلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

«ئەي ئۇلۇغ ئاللاھىم! مېنى كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىدىغان، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم قىلغىن. چوڭلىرىمىزغا پايدىلىق بولۇشۇمنى، ئۇلارنىڭ مەندىن رازى بولۇشىنى نېسىپ قىلغىن، سەنمۇ مەندىن رازى بولغىن!» دېسەك ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن يېقىنلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلساق بولىدۇ.



## ئۇلار بۇ دۇنيادىن كەتتى، ئەمما قەلبىمىزدىن كەتمىدى

دۇنيادا ھەر سىكۇنتتا تۇغۇلىدىغان بوۋاقلار بولغىنىدەك، ھەر سىكۇنتتا ئۆلىدىغان ئادەملەرمۇ بار. بىز بىلىمىزكى، ئۆلگەنلەر يوق بولمايدۇ، بەلكى يېڭى بىر ھاياتنى باشلايدۇ. ئۇ ھاياتنىڭ بېشىدا ھەممە كىشىنىڭ ياخشى، يامان ئەمەللىرى تارتىلىپ، شۇنىڭغا چۈشلۈق مۇكاپات ياكى جازاغا ئېرىشىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ۋە يېقىنلىرىمىز ئىچىدە ۋاپات بولغانلار بار. ئايرىلىش گەرچە قىيىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تېخىمۇ



ياخشى بىر يەردە ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلىمىزنى خاتىرجەم تۇتساق بولىدۇ. يەنە ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلايلى. بۇنداقتا ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىمىزنىڭ تېخىچە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق تىلىگەنلىكىمىزنى ئىپادىلىگەن بولىمىز.

«ئەي ئۇلۇغ ئاللاھىم! بىزگە جېنىمىزنى ئامانەت قىلىپ بەردىڭ. ۋاقتىمىز توشقاندا ئۇنى بىزدىن سەن ئالىسەن. ئۆمرىمىز بويىچە سەن ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادەم بولۇپ ياشاشنى بىزگە نېسىپ قىلغىن.»

«ئاللاھىم! ھازىر ھاياتتا ئەمەس (ئاللىقاچان ۋاپات بولغان) بارلىق يېقىنلىرىمىغا رەھمەت قىلغىن، ئۇلارغا جەننەت نېمەتلىرىنى ئىكرام قىلغىن» دەپ ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ۋاپات بولغان يېقىنلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلساق بولىدۇ.



## ئاتا ـ ئانىمىز ۋە بىر تۇغقانلىرىمىز ئۈچۈن

سىلەر ئائىلەڭلاردىن ئۇزاقتا قالدىڭلارمۇ يوق، بىلمەيمەن. ئائىلىمىزدىن ئۇزاقتا قېلىپ، ئۇلارنى قاتتىق سېغىنغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئىلگىرى بىلىپ بىلمەي بەزىدە رەنجىتىپ قالدىغان ئاتا ـ ئانىمىز ۋە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەسلىدە بىز ئۈچۈن نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئادەملەر مانا مۇشۇنداق، ئىلكىمىزدىكىلەر قولىمىزدىن چىقىپ كەتكەندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىدىغان گەپ. (ئۆلمىگۈچە رەھمەتلىك بولماس دېيىدىغان بىر ماقال بار) ھالبۇكى، كۆز ئالدىمىزدىكى ئاتا ـ ئانا ۋە بىر تۇغقانلىرىمىز سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە قەدىر ـ قىممەتكە ئەڭ لايىق كىشىلىرىمىزدۇر. ئاتا ـ ئانىمىز ۋە بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىر تامنىڭ خىشلىرىغا ئوخشايمىز. بىر خىشقا دەز كەتسە، پۈتۈن تامنىڭ كۆرۈنۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. ئەمما مەزمۇت بىر تام بىر خىشتىكى دەز تۈپەيلى يىقىلىپ چۈشمەيدۇ. ئۇلار بىز بىلەن بىللە خۇشال بولىدۇ ياكى بىئارام بولىدۇ. ئائىلىمىزدىكىلەرنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئادەم بولۇش، ئۇلارنى دۇئادا ئەسلەش بولسا، بىز چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋاپادارلىقتۇر. يەنى،

ئۇلارغا قىلىدىغان ياخشىلىقىمىزدىن بىرسى دۇئادۇر. دۇئالىرىمىزدا ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

«ئەي ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھىم! مېنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانامغا رەھىم-شەپقەت قىلغىن! ئۇلار مېنى قانداق قوغدىغان بولسا، سەنمۇ ئۇلارنى شۇنداق قوغدىغىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئائىلەمگە ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە نېمەتلەرنى نېسىپ قىلغىن. مېنى، ئاتا-ئانامنى، بىر تۇغقانلىرىمنى ۋە مەن ياخشى كۆرىدىغان بارلىق كىشىلەرنى پالاكەتلەردىن ساقلىغىن. بىزنى ئۆزئارا مېھرى-شەپقەتلىك قىلغىن!» دېسەك ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن يېقىنلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلساق بولىدۇ.



## دوستىمىز جېنىمىزدۇر

ئاتا-ئانا، بىر تۇغقانلىرىمىزدىن كېيىنكى ئەڭ يېقىن ئادىمىمىز سىرداش دوستلىرىمىزدۇر. ياخشى-يامان كۈنلەردە يېنىمىزدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە نۇرغۇن ئىشلاردا بىرلىكتە ھەمكارلىشىدىغان بۇ دوستلىرىمىزغىمۇ دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.

«ئاللاھىم! مېنى ياخشى ئادەملەر بىلەن دوست قىلغىن. مېنى دوستلىرىمنىڭ يېنىدا ئىشەنچلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغىن. ئارىمىزدا ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، چىدىماسلىق پەيدا قىلمىغىن. ئۆز ئارا مېھرى-شەپقەتلىك بولۇشنى ۋە بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرىشىمىزنى نېسىپ قىلغىن!» دېسەك ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## ئۆيگە كىرگەن ۋە ئۆيدىن چىققان ۋاقتىمىزدا

ئۆزىمىزنى بىخەتەر ۋە خۇشال ھېس قىلىدىغان، ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان مەخسۇس ماكانىمىز ئۆيىمىزدۇر. ئۆيىمىزدىن: «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيىم بىسمىللاھىررەھمانىرراھىيىم» دېگەچ چىقساق، ئۇچراش ئېھتىمالىمىز بولغان ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە بالا-قازالاردىن ئاللاھقا سېغىنغان بولىمىز. رەببىمىزدىن ياردەم تىلەش ئارقىلىق

خاتىرجەملىككە ئېرىشىمىز. ئۆيگە كىرىدىغان چاغدىمۇ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ھەر خىل ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلىسەك بولىدۇ.

«ئەي ھەممىگە قادىر ئاللاھىم! بارلىق يامانلىقلاردىن، ناچار ئادەملەرنىڭ شەررىدىن، بالا-قازالاردىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئۆيۈمگە قايتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ھەر قانداق بىر پالاكەتكە يولۇقۇپ قېلىشتىن، ئەسكى ئىش قىلىپ سېلىشتىن، بىلىنگەن، بىلىنمىگەن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراشتىن مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا. ئاللاھىم! ئۆيگە ساق-سالامەت بارغىلى نېسىپ قىلغىن» دېسەك ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دۇئا قىلساق بولىدۇ، مۇشۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.



«بىسمىللاھىررەھمانىرراھىيم، ئەي ئۇلۇغ رەببىم! بىزگە رەھمەت ۋە بەرىكەت ئىشىكلىرىنى ئاچقىن. بىزگە ساغلاملىق، خۇشاللىق، بايلىق ۋە تەرتىپلىك تۇرمۇش بەرگىن. ئۆيىمىزنى بەرىكەتلىك قىلغىن. قىيىنچىلىقلارنى، جېدەل-ماجىرالارنى، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۆيىمىزدىن ئۇزاق تۇتقىن. ئائىلىمىزنى شاد-خۇرام، كۆڭۈللۈك، راھەت، ھۇزۇرلۇق ۋە بەرىكەتلىك قىلغىن!» دېسەك ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## مەكتەپكە بېرىش يولىدىكى ئەڭ سەممىي دوست

مەكتەپكە كىرىپ ئوغۇچىلىق ھاياتىمىز باشلانغان كۈندىن ئېتىبارەن ئوقۇش، يېزىشنى، تۆت ئەمەل (ئېلىش، قوشۇش، كۆپەيتىش، بۆلۈش)نى، پاراللېل ۋە مېرىدىئانلارنى ئۆگىنىمىز، يەنە نۇرغۇن بىلىملەرنى ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن بەسلىشىپ ئۆگىنىمىز. ھەر كۈنى يېڭى-يېڭى بىلىملەر بىلەن تونۇشۇپ تۇرىمىز، سەۋىيەمىزنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىمتىھانغا قاتنىشىمىز، بەزىدە يېزىقچە ئىمتىھان، بەزىدە ئېغىزچە ئىمتىھان. ھەتتا بارغانسىرى بۇ ئىمتىھانلار تەسلىشىپ كېتىدۇ. نەچچە مىڭ كىشى قاتنىشىدىغان ئىمتىھانلار بولىدۇ. گەرچە ئىمتىھانلىرى تەس بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپتە ئوقۇش يەنىلا كۆڭۈللۈك بىر ئىش.



بولسا، مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا دۇئا بىلەن يولغا چىقساق، ھەر بىر قەدىمىمىز ۋە مەكتەپتىكى ھەر بىر سائەت ۋاقتىمىز تېخىمۇ مەنىلىك ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

«ئاللاھىم! مېنىڭ زېھنىمنى ئۆتكۈر قىلغىن، دەرسلەرنى ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىمنى كۈچلۈك قىلغىن. ئۆگىنىشىمنى ئۇتۇقلۇق قىلغىن، بىلىمىمنى زىيادە قىلغىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن پايدىلىق بىلىملەرنى ئاسان ئۆگەنگىلى نېسىپ قىلغىن!» دېسەك ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت

كۆڭلىمىزنى خۇشال قىلىدىغان تۇيغۇلاردىن بىرسى مۇۋەپپەقىيەتتۇر. مۇۋەپپەقىيەت بەزى چاغلاردا چوڭ چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشتۇرسە، بەزى چاغلاردا بىر تەبەسسۇم، بىر ئېغىز ماختاش سۆزى بىزگە ئۇ مۇۋەپپەقىيەتنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىمىزغا ئاۋۋال ئۆزىمىز ئىشىنىشىمىز كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت يولىدا تىرىشچانلىقنى قەتئىي بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىسەكمۇ، تىرىشچانلىقتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى تىرىشچانلىقنى داۋاملاشتۇرۇش، غەيرەت-شىجائەتلىك بولۇش نەتىجىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قولغا كېلىدۇ. ئاخىرىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان مۇكاپاتلار قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى رەببىمىزنىڭ بىزدىن رازى بولغىنىدىنمۇ بەك مۇھىم ئەمەس. رەببىمىز بەرگەن مۇكاپات دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئىناۋەتلىكتۇر.

«ئاللاھىم! ئۈستىمىزگە ئالغان ھەر بىر مەسئۇلىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئادا قىلغىلى نېسىپ قىلغىن. يولىمىزدىكى توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشنى، غەيرەتلىك بولۇشنى نېسىپ قىلغىن. ھەر ۋاقىت بىزگە مەرھەممەت قىلغىن، ياردەم قىلغىن. مېنى كىبىردىن، ماختانچاقلىق، ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇقتىن



يىراق قىلغىن!» دېسەك ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## ئاسانلاشسۇن

بەزىدە قىيىنچىلىقلار بىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىدۇ. چۈنكى قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۆزىمىزنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرالايمىز. يېڭى-يېڭى مېتود، ئۇسۇل، چارە-تەدبىرلەرنى ئۆگىنىپ، قارشىلىق كۈچىمىزنى ئاشۇرىمىز. لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قىيىنچىلىقلارنىڭ يولىمىزنى توسۇشىنى خالىمايمىز. شۇنداقتىمۇ ھەممە ئىشنىڭ ئاسان، قولاي بولغىنىنى ئىزدەپ ئولتۇرماي، ئىشلىرىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل بولۇشى، غەيرەت-شىجائىتىمىزنىڭ سۇسلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلساق بولىدۇ. ئىشلىرىمىزنىڭ ئاسانلىشىشى ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلايلى:

«رەببى يەسسىر ۋەلا تۇئەسسىر، رەببى تەممىم بىلخەير.»

مەنىسى: «رەببىم! ئىشلىرىمنى ئاسانلاشتۇرغىن، تەسلەشتۈرمىگىن. بۇ ئىشنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملىغىلى نېسىپ قىلغىن.»



## سەپەردىكى دۇئا

بەزىدە قىسقا، بەزىدە ئۇزۇن سەپەرگە چىقىپ تۇرىمىز. بۇ سەپەرلەر بەزىدە بىر ئىككى سائەتلىك بولسا، يەنە بەزىدە بىر قانچە كۈنلۈك بولۇشى مۇمكىن. يولغا چىققان يېرىمىز بىلەن بارماقچى بولغان مەنزىلىمىز ئارىسىدىكى مۇساپە قانچىلىك ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەپەرنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق تەس تەرىپى بار. ئەلۋەتتە، بۇ تەس ئىشلارنىڭ ئاسانلىشىشى ئۈچۈن رەببىمىزدىن ياردەم تىلىسەك بولىدۇ. بۇنداقتا، يېنىمىزدا بىللە ئېلىپ ماڭالماي، ئارقىمىزدا قالغان ھەممە نەرسىمىزنى ئەڭ ئىشەنچلىك ساقلىغۇچىغا تاپشۇرغان بولىمىز.

«ئەي ئۇلۇغ رەببىم! سەندىن ياردەم تىلەيمەن، ساقايتىشىنىمەن، سەپىرىمنى قولاي قىلغىن. بالا-قازا، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراشتىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن. ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك نېسىپ قىلغىن. كۆڭلۈمگە خاتىرجەملىك بەرگىن، ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن.» «ئەي رەببىم! ئۆزەمنى، دىنىمنى، ئائىلەمنى، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىمنى ۋە ھەممە نەرسەمنى ساڭا ئامانەت قىلدىم. بىزنى ھەر تۈرلۈك بالا-قازا ۋە پالاكەتلەردىن ئۇزاق قىلغىن.»

«ئەي گۈزەل رەببىم! بىزنى بارىدىغان يېرىمىزگە ساق-سالامەت، تىنچ-ئامان يېتىپ بارغىلى نېسىپ قىلغىن» دېسەك ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن رەببىمىزگە دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## يېدۇق، ئىچتۇق، رەببىمىزگە كۆپ شۈكۈر



دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە قورسىقى ئاچ ئادەملەر بارلىقىنى بىلىسىلەر. بەزى باللار يەيدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقتىن، تېخى ماڭماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. دادىمىز بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، ئانىمىز ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاچ، بىزگە بىر قانچە خىل تائام پىشۇرۇش ئۈچۈن ئاشخانىدا سائەتلەرچە ئالدىراش بولىدۇ. تاماق يارىتالمايدىغان باللار بار. ئەسلىدە بۇ تاماقلارنىڭ قانچىلىك تەسلىكتە تەييارلىنىپ داستىخىنىمىزغا كېلىدىغانلىقىنى بىر بىلگەن بولساق! شۇڭا تاماقتا: «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيىم بىسمىللاھىرراھمانىرراھىيىم» دەپ باشلاپ يېيىشىمىز كېرەك. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن: «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېگەچ ئاللاھقا شۈكۈر ۋە دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.

«بىزگە يېمەك-ئىچمەك بەرگەن، بىزنى ياشاتقان رەببىم! بەرگەن نېمەتلىرىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇسانالار بولسۇن. بىزگە پايدىلىق ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە ھالال، پاكىزە، مول رىزىق بەرگىن. تېنىمىزنى سالامەت قىلغىن» دېسەك ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## بەرىكەت تىلىگەندە

يەتمەيدۇ دەپ قارىغان ھەر قانداق نەرسىمىزنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بەرىكەت سىرلىق ھالدا كۆپىيىش، ئاۋۇش دېگەنلىكتۇر. بەرىكەت ــ يەتمەمدىكىن دەپ ئويلىغان تاماقنىڭ ھەممەيلەنگە يېتىشى، يەپ تويۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئېشىپ قېلىشى، ۋاقتىمىزنىڭ ئۇزىرىشى، بىزگە يەتكۈدەك ھالەتكە كېلىشىدۇر. ھاياتىمىزدا بەرىكەت كەملەپ كەتسە، يېگەن ئىچكەنلىرىمىزدىن ۋە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىمىزدىن بىزگە ھېچنەرسە قالمايدۇ. ئۆمرىمىزنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى، قىلغان ئىشلىرىمىزدا بەرىكەتنىڭ ھەرگىز كەم بولماسلىقى ۋە مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىمىز.



«ئەي ئاللاھىم! قۇدرەت سەندە. سەن بىزدە ئاز بولغاننى كۆپ قىلغىن. قول ئىلكىمىزدىكىلەرنى بەرىكەتلەندۈرگىن. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى بەرىكەتلىك قىلغىن. تۇرمۇشىمىزدىن، سۆيگىمىزدىن، ئۆيىمىزدىن ۋە داستىخىنىمىزدىن بەرىكەتنى كەتكۈزمىگىن» دەپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن رەببىمىزگە قولىمىزنى ئېچىپ بەرىكەت تىلىسەك ياكى ئىچىمىزدە دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## بالا-قازا ۋە پالاكەتلەرگە قارشى دۇئا قىلىمىز

بىزگە ئائىت بولمىغان بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى بېشىمىزغا ھەر خىل بالا-قازا كەلدى ياكى كېلىشى مۇمكىن. بۇ بالا-قازالار بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدىغان دەرىجىدە چوڭ بولۇشى مۇمكىن. بالا-قازا ۋە پالاكەتلەرگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەر خىل چارە-ئاماللارنى قوللىنىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئەڭ چوڭ مەنىۋى تەدبىر ئۇلۇغ رەببىمىزگە دۇئا قىلىش، ھەر خىل بالا-قازا ۋە پالاكەتلەردىن بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەشتۇر.

«ئاللاھىم! ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسىسەن. يەر تەۋرەش، كەلكۈن، بوران-چاپقۇن، ئوت ئاپىتى،

قاتناش ۋەقەسى قاتارلىق پالاكەتلەردىن ساقلا سېغىنىمىز. بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا. بېشىمىزغا كۆپ چۈشسە، ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاز زىيان بىلەن قۇتۇلغىلى نېسىپ قىلغىن. بىز تارتقان جاپالارنى بىزگە ساۋاپ قىلىپ يازغىن» دەپ تىلىشىمىز ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ھەممىگە قادىر رەببىمىزگە دۇئا قىلىپ ئۇنىڭدىن پاناھ تىلىشىمىز كېرەك.

## پۇشايمان قىلغاندا يەنە قىلىدىغان ئىش بار

ھەممە ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ، خاتا سۆز-ھەرىكەتلىرىمىز بىلەن باشقىلارنى بىئارام قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا قارشى تەرەپتىن دەرھال ئەپۇ سوراشقا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداقلا بۇ خاتا قىلمىشنى قايتا سادىر قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ۋەدە قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ۋەدىنىڭ ئەڭ گۈزەلى چىن كۆڭلىمىزدىن سەممىي ھالدا رەببىمىزگە ۋەدە قىلىشتۇر. بۇنىڭ بىلەن پۇشايمانلىقلىرىمىزنى بىر دۇئا شەكلىدە ئىپتىساق بولىدۇ.

«ئاللاھىم! خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالدىم، ئەمما ھازىر پۇشايمان قىلدىم. مېنى ئەپۇ قىلغىن. ئۆزەمگە، باشقا كىشىلەرگە زىيان سالىدىغان ناچار قىلمىشلاردىن مېنى يىراق قىلغىن. ياخشى، يارامىلىق، سۆيۈملۈك ۋە دۇرۇست بىر ئادەم بولغىلى نېسىپ قىلغىن!» دەپ رەببىمىزگە يالۋۇرۇپ دۇئا قىلساق بولىدۇ.



## ساھىبخانىغا ئەڭ ياخشى ھەدىيە

مېھماندارچىلىققا بارسىڭىز سىزنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغىنى نېمە؟ ھەر خىل نازۇ-نېمەتلەرمۇ؟ يېڭى تونۇشقان دوستلارمۇ؟ ياكى ئانىڭىزنىڭ سىزگە تېخىمۇ كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىشىمۇ؟ بەلكى سىزگە خوش ياققان باشقا نۇرغۇن ئىشلار بار بولۇشى مۇمكىن. قانداقلىكى بولمىسۇن، مېھماندارچىلىققا بېرىش، مېھمان بولۇشتىن مەمنۇن بولىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي ئىگىسى ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىمىز. ساھىبخان بىلسۇن بىلمىسۇن

ئۇنىڭغا دۇئا بىلەن تەشەككۈر ئېيتساق بولىدۇ. چۈنكى دۇئا ئەڭ گۈزەل تەشەككۈردۇر.

«ئاللاھىم! ساھىبخان بىزگە ئىكرام قىلغانىدەك، سەنمۇ ئۇنىڭغا ئىكرام قىلغىن. مول نېمەت بەرگىن، رىزقىنى زىيادە قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن. بىزنىڭ ئۆيىمىزگىمۇ مېھمان كەلگەندە مېھمانلىرىمىزنى ئەڭ ياخشى مېھمان قىلغىلى نېسىپ قىلغىن، ئامىين!» دەپ ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## خۇشاللىقتا خۇشاللىق قوشىدىغان دۇئالار



ھاياتىمىزدا بەزىدە ئاغرىپ قالىدىغان ياكى دەرت-ھەسرەت چېكىدىغان چاغلىرىمىز بار بولغىنىدەك، خۇشال-خۇرام چاغلىرىمىزمۇ بار. دۇئا پەقەتلا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئاللاھتىن ياردەم تىلەش ئەمەستۇر. ئەكسىچە، ھەر ۋاقىت رەببىمىزنى ياد ئېتىش ۋە خۇشاللىق پەيتلىرىدىمۇ ئۇنى ئەسلەشتۇر. شۇڭا، خۇشال-خۇرام چاغلىرىمىزدا دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

«ئەي ئۇلۇغ رەببىم! مېنى ھەر ۋاقىت خۇشال-خۇرام ۋە بەختىيار قىلغىن. خۇشاللىق پەيتلىرىدە سېنى ئۇنۇتمايدىغان، ھەددىدىن ئاشمايدىغان ئادەملەردىن بولغىلى نېسىپ قىلغىن. مېنى ياخشى كۆرگىن. ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياخشى كۆرىلىدىغان ئادەم بولغىلى نېسىپ قىلغىن. خۇشاللىقىمنى كۆڭۈلسىزلىككە ئايلاندۇرمىغىن! ئامىين» دەپ دۇئا قىلساق بولىدۇ.

## كۆڭۈلنى ئاچىدىغان، ھوزۇر بېغىشلايدىغان دۇئالار

«ئەي ئۇلۇغ رەببىم! سەن ماڭا بەرگەن ھەر بىر نېمەت ئۈچۈن ساڭا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن. سەن ياخشى كۆرىدىغان پەيغەمبىرىمىزگە مەدھىيە ۋە سالام يوللايمەن.

ئاللاھىم! مېنى، سېنى ۋە پەيغەمبىرىڭنى ياخشى كۆرىدىغان، ساڭا ۋە پەيغەمبىرىڭگە ئىتائەت قىلىدىغان بىر ئادەم بولغىلى نېسىپ قىلغىن. پۈتۈن كۈنىمنى ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن

تولدۇرغىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھەر تۈرلۈك ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە نېمەتلەرنى سەندىن تىلەيمەن، ھەر خىل ناچار ئىشلاردىن ساقلا سېغىنىمەن.

ئەي ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھىم! يالغۇز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمەن، پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمەن. سەن ھەممىگە قادىرسەن. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتىمنى بىلىپ تۇرىسەن. ماڭا رەھىم-شەپقەت قىلغىن. قەلبىمنى مېھرى-شەپقەت ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭ بىلەن تولدۇرغىن. ھۇرۇنلۇقتىن، بىھۇدە ئاۋارە بولۇشتىن، ۋاقتىمنى پايدىسىز ئىشلارغا ئىسراپ قىلىشتىن، تەرتىپسىز، پىلانسىز، قالايمىقان ئىش قىلىشتىن، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن، ئىنسانلارغا، ئەتراپىمدىكىلەرگە ۋە ئۆزەمگە زىيان سېلىشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

ئاللاھىم! ئىمانىمنى كۈچلەندۈرگىن. ياخشى ئەمەللىرىمنى كۆپەيتكىن. ئەخلاقىمنى گۈزەللەشتۈرگىن. ئىجابەت بولمايدىغان دۇئادىن ساڭا سېغىنىمەن. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەندىن تىلىگەنلىرىنى تىلەيمەن. سېغىنغانلىرىدىن سېغىنىمەن.

ئاللاھىم! قىلغان ئىشىمنى باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىشىدىن، ناھەقچىلىققا ئۇچراشتىن ۋە ناھەق ئىش قىلىپ سېلىشتىن ساڭا سېغىنىمەن. ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغىن. ھەمىشە ياخشى ھالدا داۋاملاشتۇرغىلى نېسىپ قىلغىن. مېنى ئائىلەمگە، ۋەتىنىمگە ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئادەم قىلغىن. بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە گۈزەل نېمەتلەر بىلەن خۇشال قىلغىن.



ئاللاھىم! قەلبىمنى ھەر خىل يامانلىقتىن ساقلىغىن. قەلبىمدە غەم-ئەندىشە، مۈشكۈلات ۋە ناچار خىيالارنىڭ ماكان تۇتۇشىغا يول قويما. مېنى پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان، ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنىلا كۆزدە تۇتۇپ باشقا ئىنسانلار بىلەن كارى بولمايدىغان شەخسىيەتچى، تەكەببۇر، مەنمەنچى ئىنسانلاردىن قىلما. مېنى مەرت بەندىلىرىڭدىن قىل.

ئاللاھىم! سەن ئەپۇ قىلغۇچىسەن. ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن. گۇناھلىرىمنى، خاتالىقلىرىمنى ۋە بارلىق مۆمىنلەرنىڭ

سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇ قىلغىن. ئەي ئۇلۇغ رەببىم! مېنى سەن ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىڭدىن بولغىلى نېسىپ قىلغىن. ئىشلىرىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. ھاياتىمنى گۈزەللەشتۈرگىن. مېنى كەيىندىن ياخشى گېپى قىلىنىدىغان، ماختىلىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن. مەن ياخشى كۆرمەيدىغان ھەر قانداق بىر ھالەتنى مەندىن ئۇزاقلاشتۇرغىن. مېنى ھاياتىم، سۆز-ھەرىكىتىم بىلەن سېنى ۋە ئىسلامنى ئەڭ گۈزەل تەبلىغ قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن.

ئاللاھىم! ئىشلىرىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. ئەڭ گۈزەل ئىسىملار ساڭا ئائىتتۇر. ئۇ ئىسىملەر بىلەن ساڭا يالۋۇرىمەن. ئۆمرۈمگە ۋە ئىشلىرىمغا بەرىكەت بەرگىن. قول ئىلكىمدىكى نېمەتلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشنى، ئۇلارنى بىكارغا خەجلىمەسلىكنى، ئىسراپ قىلماسلىقنى نېسىپ قىلغىن.

ئاللاھىم! مېنى پايدىسىز ئىش، بىكار ئويۇن-تاماشا بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ۋەزىپىسىنى، ئىبادەتلىرىنى ئونۇتقان غاپىل كىشىلەردىن قىلمىغىن. تىلىمنى ھەمىشە توغرا گەپ قىلىدىغان قىلغىن. مېنى ھەر خىل بالا-قازا، پىتنە-پاسات، قىيىنچىلىق، ئاپەت ۋە پالاكەتتىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن! ئامىين.»





